# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·3




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەمەت يۈسۈپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.



ھەر مىللەت ۋەكىللىرى سايلام بېلەتلىرىنى ئەستايىدىل تولدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى، باش كاتىپىنى ۋە ئەزالىرىنى تولۇقلاپ سايلىدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى تولۇقلاپ سايلىدى.



ھەر مىللەت ۋەكىللىرى يىغىن ئارىلىقىدا سۆھبەتلەشمەكتە

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسمەن ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى

12 - فېۋرالدىن 15 - فېۋرالغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسمەن ۋەكىللىرىنى باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھ شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە غەربىي رايوننى ئېچىشتا دۆلەت قانۇن، سىياسەت جەھەتتىن، شۇنداقلا چوڭ تۈرلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى.

شى رۇڭرۇڭ خەۋىرى، فوتوسى




مۇدىر ھامىدىن نىياز مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى تونۇشتۇرغان ئەھۋالنى ئاڭلىدى.

# نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

يېڭى يىل باشلىنىش بىلەن شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام خەلق قورۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر باھار شامىلىدەك كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالماقتا.

سانجى شەھەرلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، دوكلاتتا ئىنكاس قىلىنغان ئاساسلىق ئەھۋال بىلەن خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋال ئوخشىمايدىكەن، دەپ ئۇنى ماقۇللىمىدى.

غۇلجا شەھىرى، نىلقا ناھىيىسى قاتارلىق جايلارنىڭ خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدىكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن قانۇندىن ئىمتىھان ئېلىپ، لاياقەتسىز بولغانلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىمىدى؛ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىن كېيىن ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ، خىزمەتتىن مەلۇمات بېرىشنى قانات يايدۇرۇپ، خىزمەتتە مەسىلە بارلارنى تۈزىتىشكە بۇيرىدى.

شىخەنزە شەھەرلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەسىلە بار دەپ قارىغان دېلولارنىڭ بەزىلىرىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش، نازارەت قىلىش كوللېگىيىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە، بەزىلىرىنى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا ھەم تەجرىبە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىشقا يوللاپ بەردى.

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆزئارا چەكلەش تۈزۈمى ئورنىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، دۆلەت قانۇن نىزاملىرىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا، شۇ ئورۇنلاردا ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

......

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق قورۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىش ۋە سىناق ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا خىزمەتنى باھالاش ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇپ، نازارەت قىلغۇچى بىلەن نازارەت قىلىنىدىغان ئىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بەزىلىرى ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ جايدىكى قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان دېلولارنى نازارەت قىلىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى؛ بەزىلىرى سوئال قويۇش، سۈرۈشتۈرۈش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئايرىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يامان تەسىر پەيدا قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تىپىك ئىشلارنى نازارەت قىلىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىپ، چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ خىل ئۆزگىچە ئۇسۇللار يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشىنى نازارەت قىلىپ ۋە قوللاپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە ۋە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى جايلاردىكى خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا نازارەتچىلىك قىلىشنى خالىماسلىق، نازارەتچىلىك قىلىشتىن قورقۇش، ئۇسۇلى توغرا بولماسلىق، نازارەت قىلىشقا ماھىر بولماسلىق ئەھۋالى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدىمۇ تونۇش يېتەرلىك بولماسلىق، يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىك، نازارەتنى قوبۇل قىلالماسلىق، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈۋېلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش، ھەتتا خەلق قورۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر خەلق قورۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ، قانۇنغا ئاساسلانمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان، ھەتتا قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنى توسۇشقا پايدىسىز.

خەلق قورۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى خەلققە ۋاكالىتەن نازارەتچىلىك قىلىدىغان دۆلەت تۈزۈلمىسى، ئۇ ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق نازارەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىكنى ئاكتىپ يۈرگۈزمىسە، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىدۇ؛ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلمىسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت خەلق قورۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ، ئورتاق تىرىشقاندىلا، خەلق قورۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

خەلق قورۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان شۇنداقلا ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان خىزمەت. خەلق قورۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك خىزمىتى داۋامىدا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بىر تەرەپتىن، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى، دوكلات ئاڭلاش، ماتېرىيال كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىنى تېپىپ چىقىشى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشى، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئاخىرىغىچە چىڭ تۇتۇشى، نەتىجە كۆرۈلگەنگە قەدەر نازارەت قىلىشى لازىم. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قورۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا، خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش، چىداملىق بولۇش روھىنى تۇرغۇزغاندىلا، تەپەككۇر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلىگىلى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگىلى، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 – يىل 3 – سان

(ئومۇمىي 216 – سان) (21 – يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت نۇرگۈل كېرەم

### ئوبزور

نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك........................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

### ھەر ساندا بىر نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى ........................................ (4)

### مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئۇزاقىچە داۋاملاشتۇرۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى .... نۇسرەت كېۋىر (7)

### خىزمەت ئەتىقاتى

ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىمىز........................ تۇرخان مەسۇم (9)

خىزمەت ھوقۇقىنى دادىل يۈرگۈزۈش خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ كاپالىتى ........................................ ئوسمانجان تۇرسۇن (13)

يېزا – بازارلاردا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك ..... ئابدۇقادىر كېرەم (17)

### قانۇن ئەتىقاتى

بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرىنى قاراپ چىقىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە........................................ مۇھەممەت مامۇت (20)

### مۇلاھىزە

خەلق قۇرۇلتىيىنى كۈچەيتكەنلىك ھاكىمىيەتنى كۈچەيتكەنلىكتۇر ........................ ئوبۇل مۇھەممەت (23)

مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم كاپالىتى ................ غوجى ئەيسا (29)

### ئۆگىنىش

كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ بىرقانچە قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا ........................................ نۇردۇن يۇنۇس (32)

**قانۇن مەسلىھەتچىسى**

جاۋابكارنىڭ تۇغقانلىرى باشقا جاۋابكارلارنىڭ تۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن بولسا، جاۋابكارنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار دەپ بېكىتىشكە بولامدۇ؟ (2 پارچە) ...... (36)

**خەۋەرلەر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كەنتلەردىكى كادىرلار چىقىم بازىرىنى تەكشۈردى قاتارلىق 6 پارچە خەۋەر ...... (38)

**تەكشۈرۈش دوكلاتى**

پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا بېسىلغان جەڭگىۋار قەدەم ...... ئابدۇكېرىم ئۆمەر، ئابدۇھېلىمجان ئابدۇكېرىم (42)

**تەرمىلەر**

ئۇيغۇر ئالىم جېيەن بوزمىنىڭ ئۇۋاللىق دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى ...... جالۇ چۇەنئېر (48)

يېمەك ـ ئىچمەكتە ئىلمىيلىككە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ...... شياۋ شۇ (51)

بىدئەتچىلىك ۋە ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ...... (53)

**بىلىۋېلىڭ**

بىر يۈەن پۇل ئۇچۇن دەۋالىشىشقا ئەرزىمدۇ؟ ...... جۇشياۋمىڭ (54)

پاشانغانلار بەدەن چېنىقتۇرسا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەمدۇ ...... ساۋۇت ھېكىم (56)

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى ...... تۇرغۇن تالىپ (57)

خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى ...... تۇرغۇن تالىپ (58)

**دۇنياغا نەزەر**

ئاۋستىرالىيىنىڭ باج ئىشلىرىدىكى قىزىقارلىق پاراڭلار ...... لى بېيلەن (59)

**تارىختىن سەتۇر**

ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىكى ئوقيا تەسۋىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا مەدەنىيىتىگە نەزەر ...... ئابلاجان ئۇمىديار (62)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تىزگۈچى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارساناتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى

**(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(9 ـ 25 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى» 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** باھالاش دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** باھالاش خىزمىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ. ئاممىغا تايىنىش، دېموكراتىك ـ ئاشكارا بولۇش، ئىللا ـ ئادىل بولۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ.

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى باھالاشنى قوبۇل قىلىشى، باھالاش پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشى، سوئالغا جاۋاب بېرىشى، خىزمىتىنى ياخشىلىشى شەرت. ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار باھالاش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىشى، ئۇنى قوللىشى، ئۇنىڭغا زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** باھالاش مەزمۇنى:

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق

ھۆكۈمىتىنىڭ قارار، بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(2) مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالى؛

(3) پاك ــ ئىنتىزامچان بولۇش ئەھۋالى؛

(4) دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بەرگەن تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى؛

(5) دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى باھالاش زۆرۈر، دەپ قارىغان باشقا ئىشلار.

**6 ــ ماددا** باھالاش خىزمىتىگە دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى رەھبەرلىك قىلىدۇ، باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرىدۇ، باھالاش خىزمەت لايىھىسى تۈزىدۇ. باھالاش گۇرۇپپىسى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇ مەمۇرىي رايوندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلسا بولىدۇ.

باھالاش دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا بولسىمۇ، دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىق مەزگىلىدە بولسىمۇ بولىدۇ. باھالاش دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلغان بولسا، باھالاش ئەھۋالىنى مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا دوكلات قىلىدۇ.

**7 ــ ماددا** باھالاش خىزمىتىنىڭ تەييارلىقى:

(1) باھالاش مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى ئۆگىنىش؛

(2) ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، باھالاشقا ئالاقىدار ئىشلارنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىش، ئاممىنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىش؛

(3) ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش زۆرۈرىيىتى بولغان باھالانغۇچىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛

(4) باھالانغۇچىلارنى ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرى جەھەتتە سىناش؛

(5) باھالاشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش.

**8 ــ ماددا** باھالاشقا دائىر تەكشۈرۈشتە كۆپ خىل شەكىل قوللىنىلىپ كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىنىدۇ ھەمدە بۇ باھالانغۇچىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئېنىقلىنىدۇ.

**9 ــ ماددا** باھالاش يىغىن شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. باھالاش يىغىنىنىڭ ئاساسىي تەرتىپى:

(1) باھالانغۇچى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىش؛

(2) ئىقتىسادىي تەپتىش تارمىقى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىش؛

(3) قانۇن بىلىملىرى جەھەتتە سىناش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش؛

(4) باھالىغۇچىلار باھالاش سۆزى قىلىش؛

(5) باھالانغۇچىلار ئىپادە بىلدۈرۈش.

**10 ــ ماددا** باھالاش گۇرۇپپىسى باھالانغۇچىغا باھالاش پىكرى بېرىدۇ. ئۇ مۇدىرلار يىغىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، باھالانغۇچىغا تاپشۇرۇلىدۇ ھەمدە ئالاقىدار ئورگان ۋە تەشكىلاتقا يەتكۈزۈلىدۇ.

**11 ــ ماددا** باھالانغۇچى باھالاش پىكرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر ئاي ئىچىدە تۈزىتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باھالاش گۇرۇپپىسىغا يوللىشى ھەمدە ئۈچ ئايغىچە تۈزىتىپ بولۇشى كېرەك؛ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ۋاقىت ئۇزاقراق كېتىدىغان چوڭ ــ چوڭ مەسىلىلەر بولسا، تۈزىتىش ۋاقتىنى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەستىقى بىلەن مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

باھالاش گۇرۇپپىسى باھالانغۇچىنىڭ تۈزىتىش ئەھۋالىنى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن تەكشۈرۈپ، باھالانغۇچىنىڭ خىزمەتنى ياخشىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

**12 ــ ماددا** باھالاش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كې-

يىن، باھالانغۇچى تۈزىتىش ئەھۋالىنى دائىمىي كومىتېتقا ۋاقتىدا يازما دوكلات قىلىشى كېرەك. ئۇ مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈزىتىش ئەھۋالىدىن رازى بولمىسا، يېڭىۋاشتىن تۈزىتىش كېرەك.

**13 ـ ماددا** باھالانغۇچىلاردىن قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلغان، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك، خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى دائىمىي كومىتېت تەقدىرلىسە بولىدۇ.

**14 ـ ماددا** باھالانغۇچىلاردىن ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغانلىرى قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ. قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىرى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**15 ـ ماددا** ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى مۇشۇ نىزام بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋىلايەتلىك شۆبىسىنى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى باھالاشقا تەشكىللەيدۇ. باھالاش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىدۇ.

**16 ـ ماددا** ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى مۇشۇ نىزام بويىچە، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى دېۋىزىيىلىرىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش شۆبە مەھكىمىسىنى ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. باھالاش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىدۇ.

**17 ـ ماددا** يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك دۆلەت ئورگىنى ياكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرسا بولىدۇ.

**18 ـ ماددا** بۇ نىزام 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئادەم خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ ئۆيغىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

**ـــ گيۇتى**

سېنىڭ ئالدىڭدا باشقىلار ئۇستىدىن غەيۋەت قىلغان كىشىگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇ، باشقىلار ئالدىدا سېنىڭ ئۇستۈڭدىنمۇ غەيۋەت قىلغۇچىدۇر.

**ـــ فارابى**

دادىل بولۇش كېرەككى، چېچىلاڭغۇلۇق؛ ئىنتائەتچان بولۇش كېرەككى، باش قويۇپ چوقۇنماسلىق كېرەك؛ قەيسەر بولۇش كېرەككى، جاھىل بولماسلىق كېرەك؛ كەمتەر كىچىك پېئىل بولۇش كېرەككى، سۇنئىيلىك قىلماسلىق كېرەك.

**ـــ سوۋوروف**

**(ئىلياس تەييارلىغان)**

# قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى ئۇزاققىچە

## داۋاملاشتۇرۇش جەمئىيەت

## تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى

**نۇسرەت كېۋىر**

ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈندىن كۈنگە ياخشىلاندى. ئەپسۇسلىنارلىقى، 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بولساقمۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭى تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمايۋاتىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى قۇرۇلۇشى ئۆزىنىڭ رىقابەت سۈپىيېكتىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىغا ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ شەرتلەر ھازىرلانغاندىلا ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئۇگۇشلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇناسىپ ھالدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كونا ـ يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى ۋە مەنپەئەت تەقسىماتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەۋرىنىش پەيدا بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا بەلگىلىك چېكىنىش كېلىپ چىقتى. جەمئىيىتىمىزدە بەزى رەھبەرلىرىمىز ئىقتىسادىي خىزمەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي خىزمەتكە سەل قارايدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا قوغلىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھەرقايسى ساھەلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر شەخسىيەتچىلىك، پۇلغا چوقۇنۇش، راھەتپەرەسلىك، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتەك يامان ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇلار دەل جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئەمگەكنى قىزغىن سۆيمەيدىغان، ئىزدەنمەيدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىلغار تېخنىكا، ئىلغار بىلىملەر بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرمايدىغان كىشىلەردۇر.

21 ـ ئەسىر «رىقابەت» بىلەن «تاللاش»نى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قىلىپ، ئىقتىدارلىقلارغا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، زامان تەقەززاسى بىزدىن ساغلام تەن، ئۆتكۈر تەپەككۇر، ئىختىرا ـ ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە بولغان بىر ئەۋلاد مەدەنىي ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم ياشلىرىمىز نامراتلىق ۋە مەنىۋى گادايلىق دەستىدىن ئىدىيىسى ئازاد بولماي، كۈندىن كۈنگە خۇنۇكلىشىپ، ئاخىرىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش گىردابىغا بېرىپ، ئۆزىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلماقتا. بۇ ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى، ۋىجدان ئىگىسىنى ئويغا سالماي قالمايدۇ.

نۆۋەتتە، كىشىلەرنىڭ قانۇنچىلىق، مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتلەردە زور ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىش بولۇۋاتىدۇ. بىراق، جەمئىيىتىمىزدە جىنايى قىلمىشلار، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار تۈگىگىنى يوق، ھەتتا ۋاستىسى قەبىھ، رەزىل بولغان جىنايى قىلمىشلار ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ جەمئىيىتىمىزنى ئەنسىز، مۇقىمسىز كۆرسىتىپ، قانۇن ئورگانلىرى، سوت، تەپتىش، ئامانلىق قوغداش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى، تۆھپىسىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. لېكىن ئازغان ياشلىرىمىزنى قانداق يېتەكلەش، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ھەققانىيەت يولىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئويلىنىشىمىزغا، ئىزدىنىشىمىزگە، پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم:

1. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا قانۇنچىلىق تەربىيىسى بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئاخبارات، نەشرىيات، تەشۋىقات، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول، جەلپ قىلارلىقى كۈچلۈك، قىزىقارلىق ۋە ئاممىباب بولغان ئۇسۇللار بىلەن قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك.

2. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدىن قويۇپ بېرىلگەن ياكى مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قوينىغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشىنى قانۇن ئورگانلىرىنىڭلا خىزمىتى دەپ قارىماستىن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىلغار كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدىكى تەشۋىقات خادىملىرى ھەر خىل تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى، سۆھبەت يىغىنى، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئازغان ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى، قانۇن ـ تۈزۈملەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا قايتىدىن چىقىش يولى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىشى لازىم.

3. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان جىنايى قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار، بىز ئۇلارغا قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، رىئاللىقنى قوبۇل قىلىش ئىرادىسى تۆۋەنلەيدىغان، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەردىن نارازى بولىدىغان، ھەتتا بەزىدە جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكىدە بولىدىغان روھىي ھالەت مەۋجۇت. شۇڭا، بىز ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياشلىرىمىزغا بولغان قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ئەۋزەل سىياسەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. بۇ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە پايدىلىق.

4. بىز قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى شەھەر ـ بازارلاردا ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى چەت، تاغلىق رايونلارغىچە، تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش شارائىتى يوق دېھقان ـ چارۋىچىلار ئارىسىغىچە كېڭەيتىپ، ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، قەرەللىك ھالدا دېھقان ـ چارۋىچىلارغا كىنو قويۇپ بېرىش، كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى، نىزاملىرىدىن ئۇلارنى تولۇق خەۋەرلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

«دۆلەتتە قانۇن، ئائىلىدە تۈزۈم» بار بولۇشتەك ئەقەللىي ساۋات ھەر بىر پۇقرانىڭ مېڭىسىدە شەكىللەنگەندىلا، ئازغان ياشلىرىمىزمۇ ئۆز قىلمىشىنى قانۇن بىلەن ئۆلچەشنى بىلەلەيدۇ. نادان، ساددا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلىرىمىزمۇ مۇداپىئە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

قىسقىسى، ئېلىمىزدە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى. ئۇ يەنە، ئۆز نۆۋىتىدە بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ، پەن ـ مائارىپ ـ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش»تىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تېپىپ چىقتى. شۇڭا، ھەر بىر پۇقرا قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىمىز

تۇرخان مەسۇم

يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئەڭ ئاساسىي قاتلام دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدا يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.

بازىرىمىزدا خ ق ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلغان ئون يىلدىن بۇيان، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى بازارلىق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە «يېزا (بازار)لىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى»دا بېرىلگەن ھوقۇقىغا ئاساسەن، نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، بازىرىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. ھەيئەت رىياسىتىمىزنىڭ خىزمىتى تۈزۈملىشىش، مۇنتىزىملىشىش، قېلىپلىشىش يولىغا سېلىندى. ھەيئەت رىياسىتىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس بولۇش، كاتىپ بولۇش، قاتناش، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇش، ئىش بېجىرىش شارائىتى مۇكەممەل بولۇش، تۈرلۈك خىراجەتلەر كاپالەتكە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت 5 تە تولۇق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى قانۇن بويىچە ئېچىپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقالايدىغان، بازىرىمىز تەۋەسىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە قارار چىقىرالايدىغان، ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدىغان، بازار باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى ۋە 7 پونكىت، 8 ئورۇننىڭ خىزمىتىنى باھالىيالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولدۇق.

قاراتال بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئالتە قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى باشتىن كەچۈردى. بازىرىمىزدا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 62 ۋەكىلى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 18 ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ۋەكىلى بولۇپ، بۇلار 12 ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىغا ئايرىلغان. بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى 1990 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 11 ئەزاسى بار، ئۇلار ۋەكىللەر خىزمىتى گۇرۇپپىسى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

تۆۋەندە مەن بازىرىمىزدا ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىمىزنى يىغىن ئوتتۇرىغا قويۇپ كەسپىداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. بىز ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللاندۇق:

**1. يىغىندىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق**

بىز ھەر يىلى ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى ئاز بولغاندا 4 قېتىم، كۆپ بولغاندا 7 قېتىم ئاچتۇق. ھەر قېتىملىق ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىدىن 2دىن 3كىچە ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردۇق. ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى ياخشى ئېچىش يىغىندىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەرنىڭ قانداق ئىشلىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچىدىن، يىغىن قارالمىسىنى ياخشى تاللىدۇق. يېزا (بازار)لاردىكى 7 پونكىت، 8 ئورۇن يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تارماق بولۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، ئۇلار ھەم مەمۇرىي، كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ ھەم مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىدۇ. بىز ۋەكىللەر ۋە ئاممىنىڭ ساداسىغا، ئىنكاسىغا دىققەت قىلىپ، جەمئىيەتتە قايسى ساھەنىڭ، قايسى تارماقنىڭ خىزمەتلىرىگە پىكىر، ئىنكاس كۆپ بولسا شۇ ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزدۇق.

ئىككىنچىدىن، يىغىن قارالمىسىنى چۆرىدەپ ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا دوكلات بېرىدىغان ئورۇننىڭ خىزمىتىگە قارىتا ھەر تەرەپلىمە پىكىر تەييارلاپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. مەسىلەن: ئورمانچىلىق پونكىتى، سۇ پونكىتى، يەر باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشتىن بۇرۇن ۋەكىللەرنى «ئورمان قانۇنى»، «سۇ قانۇنى»، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ بازىرىمىزدا يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ساقلىنىۋاتقان رەسمىيەتسىز ئورمان كېسىش، كۆكەرتىش راسخوتىنى ۋاقتىدا يىغماسلىق، سۇ ھەققىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئېلىش، كوللېكتىپ باغ ۋە كوللېكتىپ ھۆددە بەرگەن يەرلەرنىڭ سۇ ھەققىنى دېھقانلارغا چېچىش، ھوقۇقىدىن ھالقىپ ئۇلتۇراق ئۆي ئورنى تەستىقلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدۇق.

ئۈچىنچىدىن، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا دوكلات بېرىدىغان ئورۇنغا بېرىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق شۇ ئورۇن رەھبىرىنىڭ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش ئەھۋالى، مەمۇرىي قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئەھۋالى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، كەسپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى ھەم شۇ ئورۇننىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنى ئىگىلىدۇق.

تۆتىنچىدىن، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا دوكلات بېرىدىغان ئورۇنغا ئون كۈن بۇرۇن ئۇقتۇرۇش قىلىپ، دوكلات ماتېرىياللىرىنى تەلەپ بويىچە تەييارلاشنى ئورۇنلاشتۇردۇق ھەم ماتېرىيالنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، دوكلات ماتېرىياللىرىنى كۆپەيتىپ باستۇرۇپ ، ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدىن 3 كۈن بۇرۇن ئەزالارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەزالارنىڭ ئالدىن پىكىر تەييارلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردۇق.

**2. ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق**

ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى يىغىننىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈ-

رۇشتە، يىغىندا دوكلات بەرگۈچى ئورۇننىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا بىز دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىققاندا ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە، خىزمەتتىكى نەتىجىنىمۇ سۆزلەشكە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشكە يېتەكلىدۇق.

قايسى ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بازارلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتۇردۇق. يېقىنقى 2 يىلدىن بىرى ئېچىلغان ھەيئەت رىياسەتنىڭ 12 قېتىملىق يىغىنىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بازارلىق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ بازارلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ تېرىقچىلىق مەزگىلىدىكى مەشغۇلات ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتى، بازارلىق ساقچىخانىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ئاققۇن نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتى، بازارلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ھەققىدىكى دوكلاتى، خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى باشقۇرۇش - تارقىتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتى قاتارلىق 14 ئورۇننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، يىغىندىن بۇرۇنقى ئېلىپ بېرىلغان كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىگىلىگەن يەككە تىجارەتچىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش، جىنايەت گۇماندارلىرىنى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ تەستىقىسىز قاماپ قويۇش، دېھقانلاردىن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات ھەققى ئېلىش، ئاققۇن نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق، سۇلياۋ يوپۇق ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىش، قىسمەن كادىرلىرىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلىنى خىيانەت قىلىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى مۇددەت بەلگىلەپ تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردۇق.

**3. يىغىندىن كېيىنكى ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىشنى كۈچەيتتۇق**

ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىش - ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا دوكلات بەرگەن ئورۇنلارنىڭ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق. بىز ھەر قېتىملىق ھەيئەت رىياسەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، دوكلات بەرگەن ئورۇنلارغا بېرىپ، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ، تەلەپكە لايىق تۈزىتىلمىگەن، ئەتراپلىق بولمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى قېتىملىق ھەيئەت رىياسەت يىغىنىدا تۈزىتىش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئاخىرغىچە تۈزىتىش، تۈزىتىپ بولغىچە نازارەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدۇق.

**4. بەزى تەجرىبىلىرىمىز**

ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە ئىشنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر دەپ قارايمىز:

1. ئالدى بىلەن ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن باشقا ئۆز ئورنىدا كونكرېت ۋەزىپىسى بار. ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنىڭ خېلى بىر

قىسمى ئاساسىي قاتلام كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۇلارنىڭ سىستېمىلىق ماتېرىيال كۆرۈپ ئۆگىنىش شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنى، قانۇن بىلىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قەرەللىك ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، «يېزا بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى خىزمەت نىزامى» دېگەن ھەيئەت رىياستىنىڭ مەسئۇلىيىتى ، «ۋەكىللەر قانۇنى» ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۇلارنى تولۇق ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

2. ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى ئەزالىق ۋەزىپىسى بىلەن كەسپىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، كەسپىي خىزمەتنى دەپ ھەيئەت رىياسەت خىزمىتىنى تاشلاپ قويماسلىقى، ھەيئەت رىياسەت خىزمىتى ئارقىلىق كەسپىي خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە ئاساسىي قاتلامغا، سايلىغۇچىلار ئارىسىغا، ۋەكىللەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تولۇق پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ، ھەيئەت رىياسەتنى ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ھەيئەت رىياسەتنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە يېقىندىن ماسلىشىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى، خىزمەتنى ئالدىراش دەپ ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا قاتناشمايدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشى لازىم.

3. ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، يىغىن قارارلىرىنى پارتكومغا دوكلات قىلىش، پارتكوم قوشۇلغاندىن كېيىن يىغىن ئېچىش، پارتكوم شۇجىسى ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىش، دۇچ كەلگەن بەزى قىيىن مەسىلىلەردە پارتكومدىن يوليورۇق سوراش لازىم.

4. ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسى ھەيئەت رىياسەت خىزمىتىنى بىۋاسىتە تەشكىللىگۈچى. شۇڭا ئۇ بىرقەدەر ئىنتراپلىق بولغان سىياسەت سەۋىيىسىگە، قانۇن بىلىملىرى سەۋىيىسىگە، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى، رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆگىنىشنى بوشاشماستىن چىڭ تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى، ئومۇمىيلىققا نەزەر سېلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ھەيئەت رىياسەت يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى تاللاشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

**(ئاپتور ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

**تۈزىتىش**

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001 ـ يىل 1 ـ سانىغا بېرىلگەن «مۇقىملىققا ئەل موھتاج» دېگەن شېئىرنىڭ ئاپتورىنى «ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

# خىزمەت ھوقۇقىنى دادىل يۈرگۈزۈش خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ كاپالىتى

ئوسمانجان تۇرسۇن

يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، «ئاساسىي قانۇن» ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ھوقۇقى ۋە قارار قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتى قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش، مۇنتىزىملىشىش يولىغا سېلىنىپ، ئىلگىرىكى ئاددىي ھالدا ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، ۋەكىللەرنى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى باھالاش، ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى باھالاش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە مەسئۇللىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، تەرتىپ خاراكتېرلىك نازارەتچىلىكتىن ماھىيەتلىك نازارەتچىلىككە يۈزلىنىپ، ئادەتلىنىپ قالغان نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ، نازارەتچىلىكنىڭ كۆپ خىل يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكتىن ، خىزمەتلەر تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلاندى. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، ھوقۇقىغا بولغان تونۇشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئەمەلىيەتتە، نازارەتچىلىك خىزمىتى قانۇننىڭ تەلىپىدىن تېخى يىراق. جەمئىيەتتە دائىمىي كومىتېتنىڭ خاراكتېرى، ھوقۇقى ۋە رولىغا بولغان تونۇش بىردەك ئەمەس، خ ق دائىمىي كومىتېتىنى «قۇرۇق جازا»، «قول كۆتۈرۈشتىن باشقىنى قىلالمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك قاراشلار يەنىلا مەۋجۇت.

بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى، بىرىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تونۇشى يەنىلا تۆۋەن. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇشى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشى ئوتتۇرىسىدا بەزى خىزمەت ھالقىلىرىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ـ چوڭ پىلان، لايىھە، دوكلاتلىرىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا يوللاش جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. تۆتىنچىدىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتىش جەھەتتە بەزى ئاجىز ھالقىلار بار. بەشىنچىدىن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتى تۆۋەن. ئۇنداقتا، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىلا ھاكىمىيەت ئورگىنى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتىمۇ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى قانۇن بويىچە جارى قىل-

دۇرۇشى ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىن كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

**1. ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. ئاساسىي قانۇندا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرىدۇر. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم سايلايدۇ ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن ئىجرائىيە ئورگىنىنىڭ، نازارەت قىلغۇچى بىلەن نازارەت قىلىنغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يۈكسەك قانۇنىي ئورنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى.

**2. خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتىن بۇرۇنقى بەزى خىزمەت ھالقىلىرىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك**

پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىشى قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان پرىنسىپ، ئۇنىڭدا ئىزچىل چىڭ تۇرغاندىلا پارتكومنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىرگە، كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. پارتكوم بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتى رەھبەرلىك قىلىش بىلەن رەھبەرلىك قىلىنىش مۇناسىۋىتى، خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىدۇر. مەيلى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار بولسۇن ياكى خىزمەت ئورنى ئالماشتۇرۇلىدىغان كادىرلار بولسۇن ۋە ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلار بولسۇن، ئالدى بىلەن پارتكوم قاراپ چىقىپ قارار قىلغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ياكى قالدۇرۇشى بىر تەشكىلىي تەرتىپ. ھازىر ئاز بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا، كادىرلار مەسىلىسىدە پارتكومنىڭ قارارىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، ئۇ بىر رەسمىيەت دەيدىغان ئىدىيىۋى ھالەت خېلى گەۋدىلىك. بۇ خىل قاراش، پارتكوم بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنىڭ، پارتىيە تەشكىلاتىنى يۈكسەك بىلىپ، ھاكىمىيەت ئورگىنىغا سەل قارىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، پارتكومنىڭ تەشكىلات تارماقلىرى كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرگەندە خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئادەم قاتناشتۇرۇشى لازىم. بۇنداق قىلىش پارتكوم كۆرسەتكەن نامزاتلارغا نىسبەتەن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ چۈشىنىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، پارتكوم كادىرلار مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن

كېيىن، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلاش، پەقەت دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چىقارغاندىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچى يېڭى خىزمەت ئورنىغا بېرىش، پارتكوم قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياكى دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن كادىرلارنى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ ئېلان قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتىگە قارىتا تۈرلۈك خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش تەس. دائىمىي كومىتېت كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ بولغاندىن كېيىن، تەشكىلات تارماقلىرى بىلەن دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى بىرلىكتە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگۈچىنى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئېلىپ بېرىپ ئېلان قىلىش ھەم بەزى كونكرېت تەلەپ ۋە خىزمەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار بولسۇن ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلار بولسۇن، تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش سەۋەبلىرىنى كومىتېت ئەزالىرىغا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇش، كومىتېت ئەزالىرى ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئىزاھات بېرىشنى تەلەپ قىلسا ئەتراپلىق ئىزاھات بېرىش، كۆپ سانلىق كومىتېت ئەزالىرىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنى نوقۇل ھالدا ماقۇللاپ بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش كومىتېت ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە يىغىننىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش داۋامىدا قىسمەن كادىرلارنىڭ ماقۇللانماي قېلىشى نورمال ئەھۋال. چۈنكى قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىش ياكى قارشى ئاۋاز بېرىش كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى. قىسمەن كادىرلارنىڭ ماقۇللانماي قېلىشىدا، بىرى، كومىتېت ئەزالىرى ئۇنى تولۇق چۈشەنمىگەن ياكى ئۇنى چۈشەندۈرۈش يېتەرلىك بولمىغان بولۇشى، يەنە بىرى، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرنى تەكشۈرۈش، سىناش چوڭقۇر بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، تەشكىلات تارماقلىرى مەلۇم ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، قايتا تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش لازىم.

**3. خ ق دائىمىي كومىتېتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدىغان، دائىمىي كومىتېت قاراپ چىقىپ ماقۇللاشقا تېگىشلىك دوكلاتلارنى جەزمەن دائىمىي كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش لازىم**

خ ق دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئومۇمىيلىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم ھوقۇقى. شۇڭا، قۇرۇلتاي يىغىنىدا تەستىقلانغان مالىيە خام چوتىنى قىسمەن ئۆزگەرتىشكە، تەڭشەشكە توغرا كەلگەندە ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى، پىلان، لايىھەلەرنى يوللاپ تەستىقلىتىشقا توغرا كەلگەندە، ئالدى بىلەن شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ. ھازىر ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، قۇرۇلتاي يىغىنىدا تەستىقلانغان مالىيە خام چوت پىلانىنى ئىجرا قىلىشتا قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن: چىقىم پىلانىنى ئىجرا قىلىشتا ئايرىم كەسپىي تارماقلارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان خىراجەتنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزمەيلا باشقا تارماقلارغا بېرىۋېتىش ياكى قىسقارتىۋېتىش، يۆتكەپ ئىشلىتىپ كېتىش، يېڭىدىن قوشۇلغان چىقىم تۈرلىرى بولسا ئاۋۋال چىقىم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن دائىمىي كومىتېتقا يوللاش، مەخسۇس قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خىراجەت تەلەپ قىلىشتا، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا بىۋاستە دوكلات بېرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار شۇ

دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىماپتۇ، دەپ قايتۇرۇۋېتىشتەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا. شۇڭا، دائىمىي كومىتېتنىڭ ھوقۇقىغا، ئورنىغا سەل قارايدىغان، دائىمىي كومىتېتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدىغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىن دائىمىي كومىتېتنى خەۋەرسىز قالدۇرىدىغان يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك.

**4. خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇشى لازىم**

خ ق دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش، ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى باھالاش، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش داۋامىدا كومىتېت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك پىكىر، تەكلىپلەرنىڭ يىغىندىن كېيىنكى بېجىرىلىش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇدىرلار يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا مەخسۇس دوكلات قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**5. دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

دائىمىي كومىتېت يىغىنى قانۇنلۇق يىغىن، ئۇنى ئادەتتىكى يىغىنلارغا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. بۇ يىغىننى ياخشى ئېچىش يىغىننىڭ سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ھازىر دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ سۈپىتى ئانچە يۇقىرى بولماۋاتىدۇ. مەيلى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى باھالاش بولسۇن، كومىتېت ئەزالىرى قىزغىن پىكىر قىلالمايدىغان، پىكىر قىلىشنى خالىمايدىغان، پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئاز ساندىكى كومىتېت ئەزالىرى پىكىر قىلىپ كۆپ ساندىكىلىرى جىم ئولتۇرۇۋالىدىغان كەيپىيات ئېغىر. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرى، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ يىغىن قارالمىسىغا بولغان ئىدىيىۋى تەييارلىقى كەمچىل، كەسپىي تارماقلارنىڭ خىزمىتى بىلەن بولغان تونۇشلۇقى چوڭقۇر ئەمەس. يەنە بىرى، پىكىر قىلىسىمۇ ـ قىلمىسىمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق، دەيدىغان تونۇشلارمۇ بار. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، يىغىندىن بۇرۇن كومىتېت ئەزالىرىنى يىغىن قارالمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، كومىتېت ئەزالىرىنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش لازىم. ئىككىنچىدىن، يىغىندا قاراپ چىقىدىغان دوكلاتلارنى بىر ھەپتە بۇرۇن كومىتېت ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر تەييارلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قايسى تارماقنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىنسا، ھۆكۈمەتنىڭ شۇ ئىشقا مەسئۇل رەھبىرىي يىغىنغا جەزمەن قاتنىشىپ، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ پىكىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىشى، كومىتېت ئەزالىرى ئۆزى سۆزلەپ، ئۆزى ئاڭلايدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كومىتېت ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ ئىجراسىنىڭ قانچىلىك بولۇۋاتقانلىقىغا، كەسپىي تارماقلارنىڭ ئۇنى بېجىرىش ۋە تۈزۈش ئەھۋالىغا يىغىندىن كېيىن ئەستايىل دىققەت قىلىش، پىكىرلەرنىڭ بېجىرىلىش ۋە ھەل قىلىنىش ئەھۋالىدىن كومىتېت ئەزالىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، يىغىننىڭ قاراپ چىقىش سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# يېزا ـ بازارلاردا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك

ئابدۇقادىر كېرەم

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش بىلەن بىرگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشىنىڭ كەڭدىلەندۈرۈلۈشى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. سايلىغۇچىلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئولتۇراقلاشقان يېزىلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشىنى كەڭدىلەندۈرۈش ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» فاڭجېنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىمىزنىڭ ئاخۇنبېرىق كەنتىدە مېھرىنىساخان ئىسىملىك بىر ئايال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىگە كېلىپ، يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىكى ئايرىم خادىملارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئۈچۈن بەلگىلىمىدىن ئارتۇق پۇل ئالغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى ھەمدە بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى شەھەرلىك بىر تۇغقىنىنىڭ: «بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سىلەر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنى ئىزدەڭلەر، ئۇلار شۇ يېزىدا قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، بۇ ئىشنى شۇلارغا ئېيتساڭلار ئاسان ھەل بولىدۇ» دېگەنلىكىنى، شۇڭا بىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ ئىنكاسنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ مەسىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئارتۇق پۇل ئېلىش مەسىلىسىنىڭ بارلىقى سېزىلدى. بىز خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق بەلگىلىمىدىن ئارتۇق ئېلىنغان 200 يۈەن پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزدۇق. نەتىجىدە، بۇ ئىشتىن ھېلىقى ئائىلە ناھايىتى خۇشال بولدى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدىكى خادىملارمۇ تەربىيە ئالدى، جەمئىيەتتىمۇ ياخشى تەسىر قوزغىدى. مەن بۇ ئىشتىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، يېزىلاردا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ۋە خادىملار، باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەردە يۇقىرىقىدەك ساقلانغان مەسىلىلەردىن يەنە قانچىلىك باردۇ؟ ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ قويىدىغان شەھەرلىك تۇغقانلىرى بارمىدۇ؟ بۇ يەردىكى مەسىلە يېزىلاردا خەلق ئاممىسىغا قارىتا قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىق ـ تەربىيىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى، يېزا ـ بازارلاردىكى خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رولى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا.

شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، يېزىلاردا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇق-

لاشتۇرۇپ، يېزىلارنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، رولى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە تايانغاندىلا پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، ئۇلارنىڭ ئۆز يېزا ـ بازىرىدىكى قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ئۇلارنىڭ يىللىق خىزمەت پىلانلىرىنى تۈزۈشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا خىزمەت شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى لازىم. يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ ۋە يوليورۇق سوراپ، پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم ھەمدە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

3. يېزا ـ بازارلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتا، ۋەكىللەرنى سايلاش، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى، يىللىق سانلىق يىغىن قاتارلىق مۇھىم پائالىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىشقا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشتىكى رولى، يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللەرگە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ـ تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، سايلام جەريانىدا دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

4. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، مۇشۇ ئاساستا سايلىغۇچىلارغا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى، رولى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

5. يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش داۋامىدا بايقالغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئىنكاس قىلىش، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ـ تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئەھۋالى، ئىلغار بىرلەشمە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى، ئىلغار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش لازىم.

6. يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، قارا دوسكا، پلاكات، شوئار قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت مۇھىم

نۇقتىلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر قانۇن، نىزاملار، ھەيئەت رىياسىتى، ۋەكىللەر بىرلەشمە گۇرۇپپىسى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ۋە ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى، تەشكىلىي پائالىيەت تۈزۈمى، ئۆگىنىش تۈزۈمى، ئالاقىلىشىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

7. يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەك، ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. يېزىلىق، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەرز، خەت ـ چەكلەر ئىچىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ قانۇننى ئىجرا قىلماسلىقتەك ئەھۋاللاردىن يىلىغا بىرقانچىسىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن بويىچە ھەل قىلالايدىغان بولسا، ئۇ تەبىئىي تەشۋىق رولىنى ئوينايدۇ ـ دە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

8. يېزا ـ بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى يېقىندىن قوللىشى، ئەھمىيەت بېرىشى، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ۋەكىللەر نامىدىن ھۆكۈمەتكە سۇنغان پىكىر، تەكلىپ، تەۋسىيەلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرئەت ئىچىدە جاۋاب قايتۇرۇشى ھەمدە فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى رەسمىيەتتە كۆپ خىزمەت دەپ قارىماسلىقى، ئۇ رەسمىيەتلەرنىڭ قانۇنىي ئاساسى بارلىقىنى كادىرلار ۋە ئاممىغا كەڭ تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

9. يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم رولىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ئورۇنلىرىنىڭ قانۇنلارنى توغرا ئىجرا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويىدىغان فۇنكسىيىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ بىرىنچىدىن، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملارنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆزلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتى ئارقىلىق قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ۋە قانۇن ـ نىزاملارغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئارىسىدا ياشايدىغان بولغاچقا، ئۇلار پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىنى بولۇپمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىخ ھالەتتىكى مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنى توغرا فاكىت، سىياسەتلەرنى تۈزۈش، توغرا تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، يېزىلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا تەشۋىق قىلىش لازىم.

**(ئاپتور لوپ ناھىيە چارباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**



دۆلەت بىرلەشمە تىجارەتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1980 ـ يىل گوۋۇيۈەن «ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. 1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يەنە «توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. ھەق ـ تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا بىرلەشمە تىجارەتنىڭ قانۇنىي شەكلى بىلەن ئاساسىي مەزمۇنىغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، بىرلەشمە تىجارەتنى ئالاھىدە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇ بىرلەشمە تىجارەت تەشكىللىنىش ۋە بىرلەشمە تىجارەت تەركىبىدىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، دۆلىتىمىز توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ساغلام تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

# بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرىنى قاراپ چىقىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

مۇھەممەت مامۇت

بىرلەشمە تىجارەت دېگەندە، كارخانا بىلەن كارخانىنىڭ ياكى كارخانا بىلەن كەسپىي ئورۇننىڭ مەلۇم بىر ئىقتىسادىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، قانۇندىكى ياكى كېلىشىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە توغرا لىنىيىلىك تىجارەتنى يولغا قويغان مەلۇم بىر ئىقتىسادىي تەشكىلات شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شۇڭا، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمە تىجارەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرىدىغان مۇھىم تەدبىر. شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ئاساسىي مەزمۇنلارنىڭ بىرى. ئەمەلىيەت جەريانىدا، بىرلەشمە تىجارەت كارخانىلىرىنىڭ تەجرىبىسىنىڭ كەمچىل ۋە قانۇن ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى، قارىغۇلارچە بىرلىشىپ تىجارەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، قانداق قىلىپ بۇ خىل دېلولارنى قاراپ چىقىپ، قانۇنىي ۋاستە بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش ئەدلىيە خىزمەتچىلىرى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە. شۇڭا، بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت

قىلىش زۆرۈر: بىرلەشمە تىجارەت ئىگىلىكىدىن ئارتۇق
كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە بىلەن كەسپىي ئورۇن
تىپىدىكى قانۇن ئىگىلىرىنىڭ بىرلىشىشىدۇر. بىرلەشمە
تىجارەت بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. شۇ-
ڭا، ھەق ـ تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 51 ـ
دىن 53 ـ گىچە بولغان ماددىلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى
بويىچە بىرلەشمە تىجارەتنىڭ سۇبيېكتى ئىگىلىكىدىن
ئارتۇق مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويىدىغان، ھەق ـ
تەلەپ جاۋابكارلىقىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان
كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە ياكى كەسپىي ئورۇن
تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما، دۆلىتى-
مىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا
ئەگىشىپ، بىرلەشمە تىجارەتنىڭ سۇبيېكتىنىڭ دائىرى-
سى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. 1990 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ
10 ـ كۈنىدىكى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «
بىرلەشمە تىجارەتتىكى توختام ماجىرالىرىنى قاراپ چى-
قىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى جاۋابى»نىڭ
مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە
مەسىلە بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

1) بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلى-
غان كارخانىلاردا ماجىرا يۈز بەرسە، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق
ئايرىپ، قانۇن بويىچە كارخانىلارنىڭ داۋاملىق بىرلى-
شىپ تىجارەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرى ئىقتىسادىي بىرلەش-
مىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا ساقلىنىش قىيىن بولغان
ئەھۋال، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان
بەزى كارخانىلار بەزى كونكرېت مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن
ماجىرالىشىپ داۋا قىلىشىدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ بىر ـ
بىرىگە يول قويۇش ئاساسىدا ماجىرا ھەل قىلىنسا، بىز
ئۇلارنىڭ بىرلەشمە تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە
بولۇشىمىز لازىم. شۇڭا، بۇ خىلدىكى دېلولارنى قاراپ
چىقىقاندا، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا ياكى
تۈرلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا پايدىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى، يولغا قويۇلۇ-
ۋاتقان سىياسەت، قانۇنلارغا ئۇيغۇن كەلگەن ـ كەلمە-
گەنلىكى، داۋالاشقۇچىلار مەبلەغ، مەيدان، ئۈسكۈنە،
تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشى قاتارلىق جە-
ھەتلەردە داۋاملىق بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش شەرتىنى
ھازىرلىغان ـ ھازىرلىمىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىق-
قەت قىلىش كېرەك. تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئاسا-
سىدا يەكۈن توغرا بولسا، قانۇنغا ئاساسەن يۈز بەرگەن
ماجىرانى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇ-
لارنىڭ يېڭى، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا بىرلى-
شىپ تىجارەت قىلىشىنى قوللاش كېرەك. بىرلىشىپ
تىجارەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان كارخانىلار بول-
سا، ماجىرانى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، بىرلىشىپ تىجارەت
قىلىش مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىپ، ئورۇنسىز زىيان
كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2) بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش بىلەن ئۆز ئالدىغا
تىجارەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان ماجىرا دېلولىرىنى
ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈشى كېرەك.

سوت ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بەزى سوت قىلغۇچى
ئورگانلار ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىشتىن كېلىپ چىققان
ماجىرا قاتارىدا بىر تەرەپ قىلغان نۇرغۇنلىغان تېخنىكا
ھەمكارلىقىنى بىرلەشمە تىجارەت دەپ قارىغان. بىزنىڭچە
تېخنىكا ھەمكارلىقىدىكى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆ-
تۈنۈپ بېرىش، تېخنىكا ھۆددىگەرلىك، تېخنىكا جە-
ھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتار-
لىقلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش مۇناسىۋىتىنى شە-
كىللەندۈرمەيدۇ. توختامنىڭ نامىدىن قارىغاندا بىرلەش-
مە تىجارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كارخانىلار ئوتتۇرى-
سىدا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش شەرتىنى ھازىرلىمى-
غان ياكى توختام تۈزۈشكۈچىلەر بىرلىشىپ تىجارەت
قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كېلەلمەي كېلى-
شىمنى ئېلىم ـ سېتىم توختامىغا ئۆزگەرتكەن دېلولار-
نى بىرلەشمە تىجارەت ماجىرالىرى بويىچە بىر تەرەپ

قىلىشقا بولمايدۇ.

3) بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىي كۈچىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە توغرا بېكىتىش كېرەك.

بەزى قانۇنىي ئىگىسى بولغان كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش كۆز قارىشى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىرلىشىپ قانۇنسىز تىجارەت قىلغان. ئۇ كارخانىلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلغاندىن كېيىن رۇخسەت قىلىنغان تىجارەت قىلىش دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارماسلىق؛ بىرلىشىپ تىجارەت قىلغۇچى قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى ياكى پۇقرالاردىن بولۇش؛ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ھەمكارلىق تۈرلىرى قانۇنلۇق بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەردە بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بىز بۇنداق كارخانىلاردا يۈز بەرگەن ماجىرالارنى قاراپ چىققاندا، ئالدىتە قانۇن بويىچە ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىپ، تۈزۈلگەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش توختامىنى ئىناۋەتسىز دەپ قارايمىز.

4) بىرلەشمە تىجارەت توغرىسىدىن يۈز بەرگەن دېلولارنىڭ ھەق ـ ناھەق مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى جازالاش كېرەك.

بىرلەشمە تىجارەت دېلولىرىنى قاراپ چىققاندا، پاكىتنى ئېنىق تەكشۈرۈش، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئاساسىدا، تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى جازالاش كېرەك. بۇ دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قانۇنلۇق ئاساستا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىسلاھاتنى قوللاشنىڭ تۈپ تەلىپىدۇر. شۇڭا، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچى بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى تەرەپنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرگەندە، قانۇن بويىچە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشقا بولىدىغان ھەمدە داۋاملىق بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ئېھتىمالى بولغانلارنىڭ تىجارىتىنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش كېرەك. بىرلەشمە تىجارەت ئەمەلگە ئاشماي قالغان چاغدىكى مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەلسەك، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتكە ۋە سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەن تەرەپ ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. يەنە شىرىكچىلىك مۇناسىۋىتى بىرلەشمە تىجارەت ھەرىكەتلىرىدە باج تاپشۇرۇشتىن قېچىش، دۆلەتنىڭ مال ـ باھا سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى چوقۇم ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

**(ئاپتور شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى



# خەلق قۇرۇلتىيىنى كۈچەيتكەنلىك ھاكىمىيەتنى كۈچەيتكەنلىكتۇر

ئوبۇل مۇھەممەت

ئاساسىي قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلاردۇر» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىزدە «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» ئىكەن، خەلقىمىز كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى» ئارقىلىق «دۆلەت ھاكىمىيىتى»نى «يۈرگۈزىدۇ» كەن، دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان «خەلق قۇرۇلتىيى»نىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش، كەڭ تەشۋىق قىلىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ، غەربىي قىسمىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ... ئومۇمەن ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

بىزدىكى «خەلق قۇرۇلتىيى»، غەربنىڭكىدەك «3 ھاكىمىيەت ئايرىۋېتىلگەن» ئەمەس، بەلكى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر پۈتۈن ھاكىمىيەت گەۋدىسىدۇر. بۇ خەلقىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق «... دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى، ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر بىلەن باشقۇرىدۇ» غانلىقى بىلەن تېپىك گەۋدىلىنىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېيتقاندا، كونكرېتنى ئىشلارنى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، ھەيئەت رىياسەتنى بېجىرىدۇ. ناھىيە، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر. ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، ھەيئەت رىياسەتنى ئۇنىڭ دائىمىي ئورگىنىدۇر. دېمەك، دائىمىي كومىتېت، ھەيئەت رىياسەتتىن ئىبارەت رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە قۇرۇلتاينىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنتىقىلىق يەكۈن چىقىدۇكى: دائىمىي كومىتېت ۋە ھەيئەت رىياسەتنى خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكى شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتاينىڭ، شۇ دەرىجىلىك ھاكىمىيەتنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ، دائىمىي كومىتېتنىڭ، ھەيئەت رىياسەتنىڭ «ئۆزى»گە، ئىچكى خىزمىتىگە، 2 دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىگە، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا، مەسىلىلەرنى قانۇن ئاساسىدا بىر ياقلىق قىلىشتىكى ئىقتىدارىغا قارىتا ئېيتىلغان. مۇشۇ ئومۇمىيەتنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىشنى توغرا ئىزغا سېلىشىمىز لازىم.

## 1. قەتئىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىش لازىم

كومپارتىيە بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭمۇ رەھبەرلىك يادروسىدۇر. پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ھەمدە ئۇنى كۈچەيتىش ۋە تېخىمۇ ياخشىلاش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئەمەل

قىلىشقا تېگىشلىك توپ سىياسىي پرىنسىپ. بۇ توپ مەسىلىدە قىلچە دە ـ تالاش قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە شۇ دەرىجىلىك پارتكوم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، ھەيئەت رىياستى خىزمەتلىرىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە خىزمەتلەرنىڭ قانۇن ـ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىنى، ئىشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە تاپىلايدۇ. مۇشۇ ئۈمىد ۋە تاپىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دائىمىي كومىتېت ۋە ھەيئەت رىياسەتلىرى پىلان تۈزۈشى، تۈر بەلگىلىشى، ۋاقتىدا پارتكومغا دوكلات قىلىپ بېرىش ھالىتىدە جاۋاب ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تەستىقلانغان خىزمەت پىلانىنى ئۆز مەمۇرىي رايونىغا كەڭ تارقىتىپ، تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش، قوراللاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدىكى ئۈنۈمى زور بولىدۇ ھەم دائىمىي كومىتېت، ھەيئەت رىياستى خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت ۋە ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، سىياسىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ... قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى پارتكوم بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلىدۇ. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە «پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش» ئاتالغۇسىنىڭ رېئاللىشىش شەكلى. دائىمىي كومىتېتنىڭ، ھەيئەت رىياستىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا ئىشلىمەكچى بولغان خىزمىتىدىن شۇ دەرىجىلىك پارتكوم خەۋەردار بولۇشى زۆرۈر. بۇنداق بولغاندا ① پارتىيە رەھبەرلىكى گەۋدىلىنىدۇ؛ ② توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ؛ ③ مۇناسىۋەتلەر راۋانلىشىدۇ؛ ④ ئۇقۇشماسلىق بولمايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا: «تۈگمىنى تۈگە كۆرسىتىپ» ھاكىمىيەتنىڭ ئۈلىنى كولايدىغان كەسپىي «چېقىمچى» لارغا كاۋاك قالمايدۇ. ئۇلار تەقدىرگە بويسۇنۇپ دائىمىي كومىتېت ۋە ھەيئەت رىياستىنىڭ نازارىتىنى «ئاگاھلىق» قوبۇل قىلماي بولمايدىغانلىق رېئاللىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. قايسى نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزمەيلى، قەتئىي تۈردە پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىش لازىم.

### 2. خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم

خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ يېتىشىپ ماگالماسلىقىدا سەۋەب خېلى كۆپ بولسىمۇ خەلق قۇرۇلتىيىنى چۈشىنىشنىڭ تۆۋەنلىكى مۇھىم سەۋەب. خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئورگىنى. ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشۋىق قىلىشتا «زىغزىق» چىقىرىشقا يەنى : ئاشۇرۇۋېتىشكە، كېمەيتىشكە، دولقۇن پەيدا قىلىشقا، شامال چىقىرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. «بىرنى بىر دېيىش» پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنى يىغىن مەزگىلىدە ھەركىم تەشۋىق قىلالايدۇ. يىغىن ۋاقتى، قارالمىسى، كۈن تەرتىپى، دوكلات ۋە قارار تېزىسلىرى ئالدىن نەقلەنگەن بولىدۇ. يىغىن مەزگىلىدە پەقەت شۇنىلا تەشۋىق قىلىشقا بولىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ «پىكرى»نى ۋەكىللەر ئۆزى سۆزلەيدۇ. مۇخبىر رەتلەيدۇ. قۇرۇلتاينىڭ خىزمەتلىرى يىغىن يېپىق مەزگىلىدە كۆپرەك ئىشلىنىدۇ. بۇنى قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن دائىمىي كومىتېت بېجىرىدۇ. نۇرغۇن ـ نۇرغۇن جانلىق، ئەمەلىي ئىشلار بىر ياقلىق قىلىنىدۇ. مەلۇم بىر ئىش، مەلۇم ئۇسۇل ـ چارە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ قانۇن ـ تەرتىپ ئاساسى بولىدۇ. گاھى ئىشلارنى بېجىرگەندە، مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى تىلغا ئېلىنسا، گاھىلىرىدا قانۇنلارنىڭ پرىنسىپ ـ ماددىلىرى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ قانچىنچى ماددا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇنى پراكتىكانت مۇخبىرلار ۋە سۇپەتسىزرەك مۇخبىرلار خەۋەر قىلالمايدۇ. ناۋادا نامۇۋاپىق ھالدا خەۋەر قىلىنسا، تەشۋىق قىلىنسا، جەمئىيەت خاراكتېرلىك

مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەلق قۇرۇلتىيىنى
تەشۋىق قىلماق تەس دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. ئۇ-
نىڭ ئەكسىچە پارتىيىمىزنىڭ تەشۋىقات خادىملىرى قانۇن
ئۆگىنىشى كېرەك دېگەن چاقىرىق كېلىپ چىقىدۇ. ئە-
مەلىي گەپ قىلغاندا خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشتا
ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ
بىر تەرىپى: خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە ئىشلەۋاتقان خا-
دىملار قولىغا قەلەم ئېلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنى باشلامچە-
لىق بىلەن كەڭ تەشۋىق قىلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ئى-
شىنى ئۆزى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. خەلق قۇ-
رۇلتىيى سېپىدە بېجىرىلىۋاتقان ئىشلارنى خەلق قۇرۇل-
تىيى سېپىدە ئىشلەۋاتقانلاردىن بەكرەك بىلىدىغان ئادەم
يوق. بۇ ساھەدە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نى ـ نى
ئىشلار بار. ئۇنى تەشۋىق قىلىش كەم ياكى يېتىشىپ ما-
گالمايۋاتىدۇ. بۇ ئورۇندا ئىشلەۋاتقانلار باشقا ئورۇندا ئىش-
لەۋاتقانلار قىلىۋاتقان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلى-
ۋاتىدۇ. ئەڭ ئېغىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىۋا-
تىدۇ. شۇڭا، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز قىلىپ، تەجرى-
بىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئايرىم كىشىلەر پەيدا
قىلغان خەلق قۇرۇلتىيى «يىغىن ئاچىدىغان جاي» دېگەن
گەپنى ئاغدۇرۇۋېتىشىمىز، ھاكىمىيەتكە داغ تەگكۈزىدىغان
پىتنىلەرگە بازار بەرمەسلىكىمىز لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق
دائىمىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى
مەدەنىيلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى؛ ناھىيىلىك پارتكوم
ئۆتكەن يىل ئاخىرىدا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن دائىمىي
كومىتېت ئورگىنىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆزى-
نىڭ يېرىم ئايلىق مائاشىغا تەڭ پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى؛
جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەش بويىچە ئىلغار
ئورۇن؛ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتە ئىلغار ئورۇن؛
2 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا
ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى
ئۇدا «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» بولۇپ باھالاندى. «ش-
ىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك
نىزامى» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ناھىيە-
لىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسىنىڭ كىرىش زالىغا
4 دوسكىغا 2 خىل يېزىقتا ھۆسن خەتچىلەپ يېزىلىپ،
كىشىلەرگە نامايان قىلىندى (ئاپتونوم رايون ۋە قېرىنداش
ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىن خىزمەتكە كەلگەنلەر بۇ-
نى كۆرۈپ يۇقىرى باھا بېرىشتى). دائىمىي كومىتېتىمىز
ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق سوت مەھ-
كىمىسى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئەدلىيە
ئىدارىسىدىكى بۆلۈمچىدىن يۇقىرى كادىرلارنى قاتناشتۇ-
رۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە
خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» ئۆگىنىش كۇرسى
ئاچتى؛ ئۆتكەن بىر يىلدا 344 نەپەر ناھىيە، يېزا ـ بازارلىق
2 دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 393 نامرات
ئائىلىنى ھۆددە ئالدى ھەمدە ئۇلارغا 32 مىڭ 295 يۈەن
پۇل، 32 مىڭ 675 جىڭ ئاشلىق، 361 قۇر كىيىم ئىئانە
قىلدى. 51 مىڭ 800 يۈەن پۇل، 39 مىڭ جىڭ ئاشلىق
ئۆتنە بەردى؛ دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى 3 تىن،
ئىشخانا ۋە خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى 2 دىن
نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ چارۋا، خىمىيىۋى ئوغۇت،
ئاشلىق، كىيىم كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆز يېنىدىن
بېرىپ كەلدى...

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن خەۋەر ماقالىسى
بولاتتى. ئۇنى ئانا ژورنال «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا
يوللىسام ئىشلىتەتتى ياكى رەھبەرلەر تۆۋەننىڭ ئەھۋالى-
دىن خەۋەر تاپاتتى. ئەپسۇس ھېچبىرىنى خەۋەر قىلىپ
يازمىدىم. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بولسىمۇ يىللار-
دىن بۇيان يېزىلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۇدا ئەۋەتىلىپ ۋا-
قىت تاپالمىغان بولساممۇ، سۇبيېكتىپ سەۋەب ئۆزەمدە،
«خەلق قۇرۇلتىيى»نى تەشۋىق قىلالمىدىم. خەلق قۇرۇل-
تىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇنداق قىلماس-

لىقىمىز لازىم، ھەم ئىشلەپ يېزىشىمىز، ھاكىمىيەت ئورنىنى نۇرلاندۇرۇشىمىز، مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

يەنە بىر تەرەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئىكەن، ئۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ھاكىمىيەتنىڭ ھوجەيىرىسى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشى. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ ئىشى. تەشۋىق قىلىش ئىقتىدارى، ئېلېمېنتلىرىنى ھازىرلىغان كەڭ پۇقرالارنىڭ ئىشى. يىغىنچاقلىغاندا، ھاكىمىيەت ئىشى. يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىللاردىن بۇيان، قۇرۇلتاي يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنلىرىنى، ۋەكىللەرنىڭ تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ نەق مەيداندا مۇخبىرلىققا سالدى. تەشۋىق قىلىشنى نازارەت قىلدى. خەۋەر تېكىست ـ تېزىسلىرىنى تەھرىرلىدى. خەلق ئاممىسى قۇرۇلتاي ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولدى. يېزا ـ بازارلىق پارتكوم سېكرېتارلىرىنى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى رەئىسلىرىنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قۇرۇلتاي سايلىغان، دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملىرىنى يىغىپ، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئورنى، ۋەزىپىسى، ھوقۇقى توغرىسىدا مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەتتى. 2 دەرىجىلىك قۇرۇلتاينىڭ نازارەتچىلىك نىزامىنى سۆزلەپ چۈشەندۈردى. بۇلار خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشتا ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىدى. بىرەر ناھىيە ئۆز ئىشىنى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات قوراللىرى بىلەن تەشۋىق قىلسا شۇ ناھىيىدىن ھالقىيالمايدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خ ق خىزمەت كومىتېتلىرى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان مەمۇرىي رايوننىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسىنى تېزدىن بېكىتىشى، يولغا قويۇشى، ۋەزىپىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشى زۆرۈر. ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات، تارقىتىش ئورۇنلىرى «ھاكىمىيەت»تىن ئىبارەت «ئانا»نىڭ ئىشىنى قىلىشى، كېپىنى قىلىشى، تاپشۇرۇقنى ئىجرا قىلىشى لازىم. بۇ، تامامەن قىلىشقا تېگىشلىك، قىلغىلى بولىدىغان ئىش. گەپ تەشكىللەشتە، بالدۇر تەشكىللەش بىلەن كېچىكىپراق تەشكىللەشتە. مېنىڭچە تەشكىللەش ۋاقتى كەلدى.

### 3. خەلق قۇرۇلتىيىنى ئىشلەپ كۈچەيتىش لازىم

جاھان مۆجىزاتلىرى يەككە ـ يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ، زىيالىيلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان دېئالېكتىكادۇر. يەنى: بىر نەرسىدىكى 2 تەرەپ بىرلىكمىدۇر. كېچىنىڭ كۈندۈزى، ئالقاننىڭ دۈمبىسى، نانىڭ يۈزى، ئۆلى بولغىنىدەك. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئاچىدىغان جاي» دېگەن قاراشنى «خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر» دەپ خېلى ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن رەت قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. بۇ قاراشتا يەنە بىر تەرەپ بار. يەنى: نېمىشكە مۇشۇنداق قاراش پەيدا بولدى؟ دېگەن تەرەپ.

ماركسىزمچىلار، كوممۇنىستلار ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا رەھىمسىز، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىشتە ئەستايىدىل كېلىدۇ. بۇ ئوتتۇرىدا دېئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق بىرلىك بار. ھاياتى كۈچىنىڭ ئۆزى مۇشۇنىڭدا. يىغىن ئېچىپ دوكلاتلاپلا ئولتۇرسا، ئالدىغا نېمە كەلسە ئۇنى تەستىقلىسا؛ ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا بارمىسا ؛ ئۆزى تەكشۈرۈپ بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىمىسا ؛ چاينى بولۇق دەملىۋېلىپ «يىغىن» دېگەننى دوۋاينىلاپ ئاچسا «يىغىن ئاچىدىغان جاي» دېمەي، نېمە دېگۈلۈك؟! دائىمىي كومىتېتنىڭ، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ

يىغىن ئېچىشى ماھىيەتتە مەسىلە ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاساسىي قانۇن، تەشكىلىي قانۇن ۋە نازارەتچىلىك نىزاملىرىدا بەرگەن ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى، خەلق ئاممىسى جىددى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى، «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈش لازىم. بۇ خىل تەكشۈرۈش مەلۇم ئاساس بىلەن يەنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا بېرىلىدىغان خىزمەت دوكلاتلىرىنى تەييارلاۋاتقان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار، دائىمىي كومىتېت ئەزالارنى، بىر قىسىم ۋەكىللەرنى، كەسىپ ئەھلىلىرىنى، خىزمەتچى خادىملارنى، مۇخبىرلارنى قاتناشتۇرۇپ ئۆزى شۇ تۇر بويىچە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ پاكىت ئاساسىدا ئوبدان يېزىپ پۇتتۇرۇۋېلىش كېرەك. يىغىندا دوكلات قىلغۇچى خادىم جاۋابكار ئورۇندا تۇرۇپ دوكلات قىلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش دوكلاتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى لازىم. بۇنىڭغا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، مەسىلە ھەل قىلىش سىڭگەن بولىدۇ. يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «يىغىن» دېگەننى كېلىشتۇرۇپ ئاچىدىغان جاي. ئۆتكەن يىل 8 ـ ئايدىن ھازىرغىچە ناھىيىمىزدە «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى ئورنىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە دائىمىي كومىتېتىمىز بۇ ئىشنى بىۋاسىتە تۇتتى. 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 33 فۇنكسىيىلىك تارمىقىنىڭ، ئىككى مەھكىمىنىڭ «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى ئورنىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 8 تۈر، 34 مەزمۇن بويىچە 100 نومۇرلۇق ئۆلچەمدە تەكشۈرۈلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 7 تارمىقى 75% دىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ لاياقەتسىز چىقتى. بۇ ئىش يەنە ئاقسىدى. ئىشنى ئاقساتقانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېلىپ چىقتى. ئۇلارنى بوش قويۇۋېتىشكە بولمايتتى. بۇ ئەھۋال ناھىيىلىك پارتكومىغا دوكلات قىلىندى. پارتكوم ئاشۇ 7 سىنى مۇدىرلار يىغىنىدا: «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەخسۇس تېمىسىدا ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى» بېرىشكە، مۇدىرلار يىغىنى باھالاپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. لاياقەتسىز چىققان 7 ئورۇننىڭ بەزىلىرى ئىشنى تېگى بار، تېگى يوق قىلغان، بەزىلىرى ھاسىل بولغان ئارخىپلارنى بىر خىل تىل ـ يېزىقتىلا تەييارلاپ، ئىككى خىل تىل ـ يېزىقتا ئىپادىلىمىگەن، ھەتتا بەزىلىرى تەۋرىمىگەن. ئىشنى ئاقساتقان 7 سى بىر ـ بىرلەپ «خىزمەت ئۆتەش دوكلاتى» بەردى. بەزىلىرى گەپنى ئېنىق قىلىپ: «مەن ئۆزۈمنى تەكشۈرگىلى كەلدىم» دېدى. قىسقىسى: ئۆردەك بالىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن 7 سى بىردىنلا ئەسلىگە يېنىپ ـ چۈجە بولۇپ «ئانىسى» ئالدىدا چۇرۇقلاشتى. يىغىن ئاخىرىدا مۇدىر مەخمۇت ئەخمەتنىڭ سۆزى كەيپىياتنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى ياخشى تەييارلانمىغان. 2 خىل يېزىقتا 5 نۇسخىدىن كۆپەيتىپ دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇش لازىم. ئۇ ئارخىپتا ساقلىنىپ كادىرلارنى سىناش، كۆزىتىش، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ». ئىش چىڭىغا چىقتى. ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىماس قىلىپ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. مۇشۇ تېپىك مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى كۈچەيتىش دائىمىي كومىتېت خىزمىتىگە باغلىق. يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قانچىكى كۈچەيتسە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قايسى دەرىجىدە قوبۇل قىلسا، قولغا كەلتۈرسە، دائىمىي كومىتېت خىزمەتلىرى شۇ دەرىجىدە كۈچىيىدۇ، ئىجرائىي ئورگانلار خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىكەن ئۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھ-

كىمە خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ھەققىدە قارار چىقىرىدۇ. كادىرلارنى تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ، ھەتتا قالدۇرۇۋېتىشكە تەكلىپ بېرىدۇ. زورۇر تېپىلسا قالدۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ. ھاكىمىيەتكە تەئەللۇق ئىشلارنى بېجىرىپ ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، سىياسىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم، تىنچ سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىدۇ.

دېمەك، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق. بىر دۆلەتتە، بىر مەمۇرىي رايوندا دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قىلالايدىغان ئىشلىرى، قىلالمايدىغان ئىشلىرى بولۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلسە ھەقىقەتەن كرىزىس بولىدۇ. بۇ خىل كرىزىسقا ھۆكۈمران سىنىپ يول قويمايدۇ، دۆلەت ھاكىمىيىتى يول قويمايدۇ. گەپنى كونكرېتلاشتۇرۇپ دېگەندە، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت رىياسىتىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا قىلالمايدىغان ئىشلىرى يوق. دېمەك، بۇ مۇتلەقلىق، ئەمما ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بار. ئۇ بولسىمۇ، ۋەكىللەر راسخوتى مەسىلىسى. ۋەكىللەر راسخوتى 2 خىل. ئۇنىڭ بىرى، يىغىن مەزگىلىدىكى راسخوتى، بۇنىڭدا گەپ يوق. ۋەكىللەر قۇرۇلتايغا كەلگەنكەن، يول راسخوتى كېتىدۇ، تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ، داۋالىنىدۇ، ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. بۇ ۋەكىللەر راسخوتىدىكى «قاتتىق كۆرسەتكۈچ»، يەنە بىرى «يىغىن يېپىق» مەزگىلىدىكى راسخوتى، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىنى يىلدا ئاز دېگەندە بىر ئېچىلىدۇ، ۋاقتى 3 كۈندىن ئاشمايدۇ. يىغىن يېپىق مەزگىل ئۇزۇن بولىدۇ. ۋەكىللەر مۇشۇ ئۇزۇن مەزگىلدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. پائالىيەتكە ماشىنا، تاماق ۋە باشقا تۈرلەرگە پۇل كېتىدۇ. يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىنىڭ 2000 ـ يىللىق مالىيە خام چوت (لايىھە) سىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش جەريانىدا ناھىيە، يېزا ـ بازار 2 دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ پائالىيەت راسخوتى خام چوت لايىھىسىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلىپ، قايتىدىن سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ. بۇ ئىشنى «تەپمە ھالال» يەرگە ئېلىپ باردى. مۇئاۋىن ھاكىم «ۋەكىللەر راسخوتىغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى. ئەمما خام چوت لايىھىسىگە كىرمىگىنى كىرمىگەن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىن دوكلات ئېلىپ ۋەكىللەر پائالىيەت راسخوتىنىڭ ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى، خام چوتقا كىرگۈزگەن ـ كىرگۈزمىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كۆرسە. ئاپتونوم رايون تۈزگەن ۋەكىللەر پائالىيەت راسخوتىنىڭ ئۆلچىمى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنى ئېنىقلىسا. ئەھۋال قايسى دەرىجىدە بولسا شۇ دەرىجىدە ھەل قىلىپ ۋەكىللەرنىڭ يىغىن يېپىق مەزگىلىدىكى راسخوتى كاپالەتلەندۈرۈلسە، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇشۇ توپ ئىشنى ھەل قىلىشى تەس ئەمەس. ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇشۇ ئىشنى ھەل قىلسا يەنىلا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بېجىرگەن ئىش بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق بولۇشى رېئاللىشىدۇ.

**(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى

# مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم كاپالىتى

غوجى ئەيسا

مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت. شىنجاڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلدى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقتى. ئېنىقكى، بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش 21 ـ ئەسىردە شىنجاڭنى باي، قۇدرەتلىك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا، پۈتكۈل شىنجاڭ خەلقىنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەركەز غەربىي رايونلارنى ئېچىشتىن ئىبارەت زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، چەت ئەل سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلدى، شىنجاڭمۇ تەدرىجىي يوسۇندا چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىدىكى جەلپكار رايونغا ئايلاندى. دېمەك، غەربىي رايونلارنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭ كىلىمات، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، تەبىئىي بايلىق ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىك ئارقىلىق زور ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن بېكىتىپ بولدى ۋە پايدىلىق تەرەققىيات شارائىتلىرىنى ھازىرلىدى. بۇ يەردىكى بىر مۇھىم مەسىلە، بۇ رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى زور دەرىجىدە قوغداشتىن ئىبارەت. پەقەت مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىش كۆرگەن بىلەنمۇ، ئەگەر جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا، زور بەدەل تۆلەش ئورنىغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتونوم رايونىمىز چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالىدىغان مۇھىم رايون، شۇنداق بولغانىكەن، جەمئىيەت مۇقىم بولمىسا سېلىنىدىغان مەبلەغلەرمۇ ئەمەلىيلەشمەيدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى زور دەرىجىدە قوغدىشى كېرەك.

ئاممىغا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەشكە ماھىر بولۇش پارتىيىمىزنىڭ زور ئارتۇقچىلىقى. ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي يۈزلىنىشىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ۋە كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭدا ئىدىيە جەھەتتە تېخىچە ئازاد بولمىغان كىشىلەر ۋە بەزى ئورۇنلار بار. ھازىر ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەش بەزى ئورۇنلاردا كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بولمايۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ تەلتۆكۈس تۈگىتىلگىنى يوق. شۇڭا، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان تىنچ، ئىتتىپاق، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بەرپا قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ

ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. ئامما ئارىسىدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئاممىغا شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى، ئەۋلادلارغا ئېلىپ كېلىدىغان بەختى ۋە تەخىرسىزلىكى ھەققىدە تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، كونا ئىدىيىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش، كونا، قاتمال، چىرىك ئىدىيىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ياخشى ئىش ۋە ياخشى پائالىيەتلەرنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق سۆزلەرنى قىلماسلىق، زىيانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە ئىش كۆرۈش، پارتىيىنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئاممىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۈستۈنلۈككە ئىگىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش»تەك يېڭىچە تەسەۋۋۇرلارنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى زور ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، بىر قىسىم يېڭى تەدبىر، ئۆزگىچە تەرەققىيات ئۇسلۇبلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئامما ئارىسىدىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

2. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، بولۇپمۇ جەمئىيەت كەيپىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشلارنىڭ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش كېرەك. «ئىشتىن كېيىن ئوڭشاش»نى، «ئىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش»قا ئۆزگەرتىپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. كۆرۈلگەن مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ جازا سالمىقىنى بېكىتىش، قىلمىشى ئېغىرلارنى قاتتىق جازالاش، قەتئىي يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق كېرەك. ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، مەسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز خىزمىتىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان، خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلغان بىر قىسىم رەھبەرىي كادىرلارنى ئۇنىڭ بۇرۇن قانداق خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ جازالاش كېرەك. شۇ ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا «بىرى ئارقىلىق مىڭنى ئىبرەت ئالدۇرۇش» لازىم.

3. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش كېرەك. بىر قولدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش؛ يەنە بىر قولدا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قەتئىي ساقلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ھەم بىر ـ بىرىگە بېقىنىدىغان مۇھىم ۋاستە. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى كەم بولسا بولمايدۇ ياكى بىرى چىڭ تۇتۇلۇپ، بىرى بوش قويۇۋېتىلسە يەنىمۇ بولمايدۇ. چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قايسى دۆلەت ۋە رايون نامرات بولسا شۇ رايوندا جەمئىيەت كەيپىياتى مۇقىم بولمايۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات مۇھىتىمۇ ياخشى بولمايۋاتىدۇ ھەم ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايونلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، «غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا ، بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئېچىشتا ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇقىملىق ھەممىدىن مۇھىم » دېيىدىغان

ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

4 . شىنجاڭدا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم . جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — قۇدرەتلىك، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈملۈك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم ئاساسى. بەزى ھاللاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەرنى قوللىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى، قۇدرەتلىك كۈچىنى جەمئىيەتتە نامايان قىلىش لازىم. ئۇمۇمىي خەلقنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇنغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، قانۇن تۇرغۇزۇش بىلەن قانۇن ئۆگىنىشنى بىرلا ۋاقىتتا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

قىسقىسى، مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم كاپالىتى. خەلق جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم بولۇشنى خالايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغاندىلا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**(ئاپتور شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى «شىنجاڭ مالىيە ئىقتىسادى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

ئەڭ قىيىن كەسىپ — قانداق ئادەم بولۇش.

**— مارتى**

ئادەم ئۆزىنى ھۆرمەتلىشى ھەمدە ئۆزىگە ئەڭ ئالىيجاناب نەرسىنى تولۇقلىشى كېرەك.

**— خايگېر**

ئەگەر كىمكى ئۆمرىنى تاماشا بىلەنلا ئۆتكۈزسە، بىرەر ئىشنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، ئۆزىگە خوجا بولالمايدۇ، مەڭگۈ بىر قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ.

**— گيۆتې**

ئەتە نېمە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم — ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر.

**— گوركى**

كىشىلىك ھايات گويا بىر كىتابقا ئوخشايدۇ، ئەخمەقلەر ئۇنى يۈزەكىلا ئوقۇپ قويىدۇ، ئەقىللىق ئادەملەر ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ كىتابنى پەقەت بىرلا قېتىم ئوقۇغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

**— پاۋلوۋ**

چەكسىز روھقا ئىگە بولغان چەكلىك ئادەملەر ئازاب - ئوقۇبەت ۋە خۇشاللىق ئۈچۈن ياشايمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەڭ مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئازاب - ئوقۇبەت ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ.

**— بېتخوۋېن**

**(كاملجان تالىپ تەييارلىغان)**

# كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ بىرقانچە قانۇنىي مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا

## («جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى ئۆگىنىشتىن تەسرات)

نۇردۇن يۇنۇس



ھەرقانداق بىر قانۇن، نىزام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەلۇم مەزگىل ئۇنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش باسقۇچى بولىدىغانلىقى، ئاندىن تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، ئىزچىللىشىپ بارىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ساۋات. تۈزىتىلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغىلى ئۇزاق بولمىدى. ناھىيە (شەھەر)لىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدا مۇشۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇن»نى ئۆگىنىش چوڭقۇرلىشىپ، چۈشىنىش ۋە تەدبىقلاشتا ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ. يېزا - كەنتلەر تېخى ئۆگىنىش باسقۇچىدا بولۇپ «بۇ قانۇن يېزىلاردىكى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزىلاردىكى سوتسيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن»لىكىدىن دەسلەپكى قەدەمدە خەۋەردار بولدى. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلىرى سايلاپ، ئۆزلىرى قالدۇرىدىغان، ئۆزلىرى نازارەت قىلىپ، يەنە ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرىدىغان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئاپتونومىيە تەشكىلاتى ئىكەنلىكىگە يۈزەكى چۈشىنىش ھاسىل بولدى.

ئۆگىنىش چوڭقۇرلاشقانسېرى نۇرغۇن يېزا - كەنتلەر «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ روھى بويىچە، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خاراكتېرى، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا مۇئەييەن بىلىش - چۈشىنىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، پىلانلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ يېزىلاردا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان مەمۇرىي باشقۇرۇش «چۈشەك»لىرى «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا كۆرسىتىلگەن بىرقانچە تەرەپلەرنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەچكە، ئۇلارنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشتە يۈزەكىلىك، مۇناسىۋەتلەرنى بىر ياقلىق قىلىشتا قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 1. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى بىلەن كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى

يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي خاراكتېرى،

مەجبۇرىيىتى، مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ۋە بىلىش زۆرۈر. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 2 ـ ماددىسىدا، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان، ئۆز ـ ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلدۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونومىيە تەشكىلاتى» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، كەنت ئىشلىرىنى دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش ئارقىلىق، يەنى مۇشۇ قانۇندا كۆرسىتىلگەن، كەنت ئاھالىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان 8 تۈرلۈك چوڭ ئىشنى كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق باشقۇرىدۇ ھەمدە كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالىسىنىڭ بىۋاسىتە دائىملىق نازارىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن كەنت ئاھالە كومىتېتىنى كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى دېگەن يەكۈننى چىقارساق، كەنت كومىتېتلىرىنىڭ خاراكتېرىدىن يىراقلاپ كەتمەيمىز، ئەلۋەتتە.

ھازىر بىر قىسىم كەنتلەر بولۇپمۇ نامرات كەنتلەردىكى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ئۆزلىرىنى شۇ يېزىلىق (مىللىي يېزىلىق) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار يېزىلارنىڭ بۇيرۇق خاراكتېردىكى پىلان ـ كۆرسەتكۈچلىرىنى ئۆز كەنتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايلا «يۇقىرى بىلەن بىردەك بولۇش» مەقسىتىدە تۇرۇپ، كەنت ئاھالىسىگە «مىخ» لىۋېتىدۇ. ناھايىتى ئېپسۇسكى، كەنت ئاھالىسىنىڭ يىل بېشىدىكى «ئىسراش»لىرى بىلەن يىل ئاخىرىدىكى «يىغلاش»لىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى يېزا يىغىمىسىنى يىغىش، كەنت قالدۇرۇقىنى يىغىش ۋە ئىشلىتىش، كەنتنىڭ كوللېكتىپ يېرى، بېغى، ئوتلىقى ۋە مۇقىم مۈلكىدىن كەلگەن كىرىم ئەھۋالى، كەنت مەكتىپى، كەنت يولى، پاراۋانلىق خىراجىتىنى غەملەش، كەنت ئاھالىسىنىڭ يەر ھۆددىگەرلىكى ... قاتارلىق چوڭ ئىشلارنى كەنت ئاھالە يىغىنىغا سېلىپ، مۇزاكىرىگە قويۇشنى «ئاۋارىچىلىق» دەپ قاراپ، سۈيېكتىپ قارىشى بويىچە بېكىتىدىغان ئىشلار يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كەنتلەرنىڭ «شاكال»لىشىپ، ئۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ يۆلىنىش نامراتلىشىپ كېتىشى، مەھسۇلات ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خەۋىرى يوقلا «ئېشىپ» كېتىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى بىلەن كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى ماددىمۇ ماددا ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خوجايىن بىلەن چاكارنىڭ «ئورۇن ئالمىشىپ» كېتىشىدەك ئېغىشلارنى تەخىرسىز تۈزىتىش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ خوجايىنلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەش زۆرۈر.

## 2. كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى

«كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 3 ـ ماددىسىدا: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە ئىشلەيدۇ، رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ 32 ـ ماددىسىدا: «پارتىيىنىڭ مەھەللە، يېزا ـ بازارلىق ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇ رايوننىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. مەمۇرىي تەشكىلاتلار، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ»

دەپ كۆرسىتىلگەن. قانۇنىي بەلگىلىمە ۋە نىزامنامىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىردىنبىر يادرولۇق تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى قانۇن ۋە نىزامنامە ئاتا قىلغان ھوقۇققا بىنائەن، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا، كونكرېت ئېيتساق، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ قانۇندا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقى بويىچە كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ۋاقتىدا، توغرا، تولۇق ئىجرا قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، شۇ كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزامنامىنىڭ روھى بويىچە قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ماكرو جەھەتتىن ئېيتقاندا، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ۋە نىزاملار بويىچە ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، مىكرو جەھەتتىن، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش نىزامنامىسى ۋە كەنت قائىدىسى، كەنت ئاھالە ئەھدىنامىسى بويىچە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشىدىن ئىبارەت. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى كەڭرى بولۇپ، ئاساسلىق دېموكراتىيە ھوقۇقلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن. ئۇلارنىڭ تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىدۇر. «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 11 ـ ماددىسىدىن 17 ـ ماددىسىغىچە كەنت ئاھالە يىغىنى ۋە كەنت كومىتېتلىرىنىڭ سايلىمى توغرىسىدىكى ماددىلار بولۇپ، بۇ ماددىلاردا كەنت ئاھالىسىنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقلىرى كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەنگەن. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىك يادرولۇق سالاھىيىتى بىلەن، ئاۋۋال كەنت ئاھالىسىنىڭ سايلاش ـ سايلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. ئاندىن قالسا ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ئاساسىدا، كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ قانۇنىي رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆز كەنتىنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر.

### 3. كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن يېزىلىق (مىللىي يېزىلىق)، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى

«كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نىڭ 14 ـ ماددىسىدا: «يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. بىراق كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان دائىرىدىكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە كەنت ئاھالە كومىتېتى بىلەن يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى رەھبەرلىك قىلىنىش ـ رەھبەرلىك قىلىش مۇناسىۋىتى بولماستىن، يېتەكچىلىك قىلىنىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا، كەنت كومىتېتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى دەپ قاراپ، كەنت ئاھالە يىغىنلىرىنىڭ قانۇنىي رولىغا سەل قاراۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتۇق. دەرۋەقە، نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئەنئەنىسى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ «بىر تۇتاش باشقۇرۇش» ئىللىتى تۈپەيلىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىدىكى «5 نى بىر تۇتاش» قىلىش تەدبىرى

مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ھەممە ھالقىلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرى، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتلىرىغا يېزىلىق ھۆكۈمەت «چېپىلىپ» تۇرمىسا ئىلگىرى باسالمايدىغان بولۇپ قالدى. كەنتلەرنىڭ ئىرىقچىلىق قۇرۇلمىسى، سىلىنما ئۆلچىمى، مەھسۇلات، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم قاتارلىق «قاتتىق كۆرسەتكۈچ»لەر كەنت ئاھالە كومىتېت مۇدىرلىرىنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى، ھەتتا ئىستىقبالىغا چېتىپ قويۇلغاچقا، ئۇلارنىڭ شۇ كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، كەنت ئاھالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، يېزا باشلىقلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەتلىنىدىغان «ماشىنا ئادەم»گە ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ.

يېزا، كەنتلەردە «رەھبەرلىك قىلىش» بىلەن «يېتەكچىلىك قىلىش»نىڭ ئىستېمال مەنىسىنى ھەر خىل چۈشىنىدىغان، ھەتتا خاتا چۈشىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قايسى ئىشلارنى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ، قايسى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قايسى ئىشلارغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ، دېگەنلەرگە قارىتا ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يەنىلا «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ مەمۇرىي يېزا ـ بازار تەۋەسىدە تۇرلۇك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتى، مىللەتلەر خىزمىتى، پىلانلىق تۇغۇت، مائارىپ ـ مەدەنىيەت ۋە «تەشكىلىي قانۇن»دا بەلگىلەنگەن خىزمەتلەرنى باشقۇرسا بولىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى باشقۇرىدىغان ئىشلار ــ كەنتنىڭ جامائەت فوندى ۋە پاراۋانلىق فوندىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ تۇرلۇك ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە باشقا ئىگىلىكىنى قانۇن بويىچە راۋاجلاندۇرۇش، كەنتنىڭ ئىرىقچىلىق تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش، كەنتنىڭ كوللېكتىپ يەرلىرىنى، كوللېكتىپ مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش، كەنتنىڭ تەرەققىيات پىلانى قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ، كەنت ئاھالە يىغىنى قارار قىلىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئىجرا قىلىدىغان ئىشلار ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ، كونكرېتراق ئېيتقاندا، دېھقانلارنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەدبىر بەلگىلىشى، ئۆزى ئىشلىگەن مەھسۇلاتنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ۋە پايدا ئېلىش»ىغا ئارىلىشىۋالسا بولمايدۇ.

ھازىر خېلى كۆپ كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىي بىرقەدەر ئاجىز، خەلق بىرقەدەر نامرات، ئۇلار يېتەكلەشكە، قوللاشقا، مەدەت بېرىشكە موھتاج. بولۇپمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆز ئۆزىگە مۇلازىمەتلىك قىلىشتا، ئۇلار يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت قانۇن ـ نىزاملارنى باش قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارغا «نەپ» بېرىدىغان قانۇن، نىزاملارنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشتا، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىك، يادرولۇق رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە قوللىنىشتا، كاپالەتلەندۈرۈشكە، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يېتەكلىشىگە، مەدەت بېرىشكە تېخىمۇ موھتاج. شۇڭا، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن قانۇنىي ئورنى، مۇناسىۋىتى، فۇنكسىيىسىنى ئېنىق تونۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقارسىلا، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا لايىق مۇھىت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

**(ئاپتور ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

35



# جاۋابكارنىڭ تۇغقانلىرى باشقا جاۋابكارلارنىڭ تۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن بولسا، جاۋابكارنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار دەپ بېكىتىشكە بولامدۇ؟



**يولداش مۇھەررىر:**

*يېقىندا مەلۇم سوت مەھكىمىسى ئەمەتنىڭ بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى قاراپ چىققاندا، ئاساسلىق جىنايەت گۇماندارى سەمەتنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. جىنايەت گۇماندارى ئەمەتنىڭ ئانىسى سەمەتنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىنى سوتقا مەلۇم قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىمۇ سوت مەھكىمىسىگە بۇ ھەقتىكى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ دېلودا ئەمەتنىڭ خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار دەپ قاراش كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقتى. ئەمەتنىڭ ئانىسى سەمەتنى تۇتۇشقا ھەمكارلاشسا، ئەمەتنى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار، دەپ بېكىتىشكە بولامدۇ؟*

***ھۆرمەت بىلەن: XX سوت مەھكىمىسىدىنXX***

**يولداش XX:**

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ۋە خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بارلارغا قانۇننى تەدبىقلاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىدە ھەم جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 68 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەن «خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار» دەپ قارىلىدىغانلار: جىنايەتچىلەردىن باشقىلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راست بولۇپ چىققانلىرى ياكى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە راست بولۇپ چىققانلىرى، باشقىلارنىڭ جىنايەت ئۈتكۈزۈشىنى توسقانلار، شۇنداقلا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ باشقا جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇشقا ھەمكارلاشقانلار (ئورتاق جىنايەتچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تۇتۇلغان جاۋابكار ئەمەتنىڭ ئانىسى قاچقۇن جىنايەتچى سەمەتنى (ئورتاق جاۋابكار) پاش قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ سەمەتنى تۇتۇشقا ياردەملىشىشى بىلەن ئەمەتنى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بار دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. لېكىن ئەمەتنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ روھىنى تەقدىرلەشكە بولىدۇ.

**ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن:**

**ئەركىن روزى**



**يولداش مۇھەررىر:**

*ج خ قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى تۇتۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا نىزامغا خىلاپ مەسىلە كۆرۈلسە، ئەلۋەتتە جەرىمانە قويىدۇ. مەسىلەن: مەن موتسىكلىتىمنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان بولسام، قارشى تەرەپ كىنىشكىسى يوق موتسىكلىت ھەيدىسە بۇنى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى بىلگەن ھامان ئىككىلا تەرەپكە ئوخشاشلا 200 يۈەندىن جەرىمانە قويىدۇ. يول يۈرۈش كىنىشكىسىنى ئالماي مېڭىپ قالساقلا 50 يۈەن، 30 يۈەن، ھەتتا 100 يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدۇ ۋە ج خ قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان جەرىمانە ئېلىش تالونىنى بېرىدۇ، بۇ تالوندىن باشقا ھېچ قانداق قانۇنىي رەسمىيەت بېجىرمەيدۇ، جەرىمانىگە تۆلىگىلى پۇل بولمىغاندا موتسىكلىتنى تۇتۇپ قالىدۇ، ساقلاش ھەققى دەپ كۈنىگە 10 يۈەن ئالىدۇ. يۇقىرىقىدەك ھەقلەرنى ئېلىش نىزامدا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، پۇل تاپشۇرغۇچىلارغا قانۇنىي رەسمىيەت، كېيىن ياكى قارارنامە تارقىتىپ بېرىش كېرەكمۇ ـ يوق؟*

**كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدىن: مەتتۇرسۇن مەممەت**

**يولداش مەتتۇرسۇن مەممەت:**

قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇشقا ئائىت قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر ھەممىمىزگە ئايان. بۇ يەردىكى مەسىلە سىز ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنىي تەرتىپلەردىن ئىبارەت. قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي جازاغا ياتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە مەمۇرىي جازاغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، قاتناش باشقۇرۇشقا دائىر مەمۇرىي جازالارنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىمۇ بارغانسېرى قېلىپلاشتى. بۇ دۆلىتىمىزدە «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ پۇقرالىرىمىزمۇ قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى ئۆگىنىشى، قاتناش سىستېمىسىدا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پەرمانى بويىچە 1996 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان «قاتناش مەمۇرىي جازاسىنىڭ تەرتىپى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نىڭ 10 ـ ماددىسىدا: «قانۇنغا خىلاپ پاكىت مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا 50 يۈەندىن تۆۋەن، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، نەق مەيداندا مەمۇرىي جازا بېرىش قارارى چىقىرىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 12 ـ ماددىسىدا: «قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار نەق مەيداندا جازا بېرىش قارارى چىقارغاندا، چوقۇم مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بېسىپ تارقىتىلغان ‹قاتناش مەمۇرىيىتىدە نەق مەيداندا جازا بېرىش قارارنامىسى›نى تولدۇرۇپ ئالاقىدار كىشىگە نەق مەيداندا بېرىشى، ھەمدە ئالاقىدار كىشىگە مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش ياكى مەمۇرىي دەۋا قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، قاتناش ساقچىلىرى سىزگە مەيلى جەرىمانە قويسۇن ياكى ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەرسۇن ۋە ياكى قاتناش ۋاستىلىرىنى تۇتۇپ قالسۇن، ئۇ چوقۇم قانۇن تەرتىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك. مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ 33 ـ ماددىسىدا: «جەرىمانە قويۇش قارارى چىقارغان قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن جەرىمانە سوممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئورگان ئايرىۋېتىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. 36 ـ ماددىسىدا: «قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرى نەق مەيداندا جەرىمانە قويغاندا، جەرىمانە قويۇلغۇچىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى بىر تۇتاش تۈزگەن جەرىمانە تالونىنى كېسىپ بېرىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەردە، قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلىرى قانۇن ئىجرا قىلىشتا قوپال، قانۇنسىز ئۇسۇللارنى قوللانماستىن، يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر ۋە مەمۇرىي جازا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىش كۆرۈشى، قانۇن تەرتىپىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئالاقىدار كىشىلەر يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان، قانۇن تەرتىپىگە ئەمەل قىلمىغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپىنى قانۇن بويىچە رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن:**

**ئەركىن روزى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

## سۈرەتلىك خەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ لوپنۇر ناھىيىسىگە بېرىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىنى، «خەلققە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئائىلە بوغا بېقىش فېرمىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.



سۈرەتتە: مۇدىر ھامىدىن نىياز ۋەتەنپەرۋەر زات ئالىپ ھەسەن بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشمەكتە.



سۈرەتتە : مۇدىر ھامىدىن نىياز لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئائىلە بوغا فېرمىسىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ «خەلققە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى» ئىچىملىك سۈنى ياخشىلاش زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى

**يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم خەۋىرى ، فوتوسى**

---

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى كادىرلار چىقتىم بازىرىنى تەكشۈردى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا بىنائەن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى ۋە يېزا ئىگ-

تىسادى كومىتېتىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ چىقتىم بازىرىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى يېزا، بازارلارنىڭ مالىيە ئەھۋالى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، سېلىقنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى ۋە يېزا، بازارلاردا پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرى.



سۈرەتتە: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئېتىز بېشىغا بېرىپ، دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىم، سېلىق جەھەتتىكى ئەھۋاللىنى ئىگىلىمەكتە.

لىدىغان تەرەققىيات پۇرسىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى، ھەمدە چىقتىم بازىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، سېلىقنى يېنىكلىتىش، پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىش سالمىقىنى زورايتىش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، شۇنىڭدەك كان بايلىقلىرى مول بولۇش، قاتناش قولايلىق بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرسىتىپ بازار مەسئۇللىرىنى ئىلھاملاندۇردى.



سۈرەتتە: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يېزىلىق كۆمۈر كانىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكتە.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا گۇرۇپپا ئەزالىرى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ۋە دېھقانلارغا پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى، مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېلىپ كې-

**ئەخمەت بارات خەۋىرى ، فوتوسى**

---

## تومشۇق يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى نامراتلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى

ئونسۇ ناھىيىسى تومشۇق يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە ئۆز تەۋەلىكىدىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ھەقىقىي ئەللىقلىق يەتكۈزدى. تومشۇق يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكلىشى ۋە يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى ھۆددە ئېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش،

ئىشلەپچىقىرىشتا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىش قاتارلىق ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلەرنى قىلىشقا تەشكىللىگەنلىكتىن، 67 ۋەكىل ئاپەتكە ئۇچرىغان، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە 3417 يۈەن نەق پۇل، 684 كىلوگرام خىمىيەۋى ئوغۇت، 2789 كىلوگرام ئاشلىق، مايلىقدان، 85 قۇر كىيىم كېچەك، 4 تۇياق چارۋا، 1998 يۈەن قىممىتىدىكى ئەمگەك كۈچى، 2366 يۈەن قىممىتىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ياردەم قىلدى، 58 ئائىلىگە 6155 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇملارنى ھەقسىز ياردەم بېرىشتىن سىرت، 23 مىڭ 60 يۈەن نەق پۇلنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە دېھقانلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، مېھرى شەپقەت يەتكۈزگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى.

## مىشا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بەرگەن تەكلىپ پىكىرلەرنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

**مۇھەممەت مەمتىلى**

پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ مىشا يېزىسىدىكى ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇلتۇر يىل بېشىدا، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە كەنت ـ مەھەللە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى سالالاشتۇرۇپ يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرگە ئۆزگەرتىش، توك يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، توك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، توك باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ... قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە 28 پارچە تەكلىپ، پىكىر بەرگەن ئىدى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە قەدەر بۇ تەكلىپ، پىكىرلەرنىڭ 20 پارچىسىنى ياخشى بېجىرىپ، ئاممىنى رازى قىلدى. قالغان سەككىز تۈرلۈك تەكلىپ، پىكىرنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھەل قىلىش ھەققىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ۋەدە بەردى. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بېجىرگەن مۇھىم ئىشلار: ① يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇلتۇردېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، 3200 ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ، بۇ يېزىدىكى 9 كەنتنىڭ يوللىرىنى كېڭەيتىپ ياساپ بەردى. ② يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇلتۇر 4 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئېلېكتر ـ ئېنېرگىيە شىركەتلىرىنىڭ 200 مىڭ يۈەن ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا دائىرىسىدە 35 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى توك يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، 544 تال كونا ياغاچ ستولبىنىڭ ئورنىغا يېڭى، ئۆلچەملىك بېتون قۇرۇلمىلىق ستولبا ئورناتتى، توك سىملىرىنىمۇ يېڭىلاپ، تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگەتتى، بۇ يېزىنىڭ توك ئىشلىرى ياخشىلاندى.

③ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بۇلتۇر 11 ـ ئايدا، جەمئىي 3200 ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ، بۇ يېزىنىڭ 7 ـ كەنت 6 ـ مەھەللىسىدىكى دېھقانلارنىڭ 220 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يېرىنى سالالاشتۇرۇپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق يەرگە ئايلاندۇردى. ④ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ تەرەپ مەبلەغ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتەرلىك مەبلەغ توپلاپ، بۇ يېزا بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن كۆۋرۈكنى رېمونت قىلىپ بەردى. ⑤ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ دېھقانلاردىن قالايمىقان جەرىمانە ئالماسلىق ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ 5% ى ئىچىدە كونترول قىلدى.

**مەخەت ھامۇللا**

## يېشقەدەم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللى نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى

ئۈنسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇبۇل قادىر تاغلاق چارۋىچىلىق فېرمىسىدا قاتتىق قار يېغىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەنلىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ 10 خالتا ئۇن، 100 كىلوگرام گۈرۈچ، 2 تونىنا كۆمۈر، 6 قۇر كىيىم قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋېلىپ، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تاغلاق فېرمىسىنىڭ پاقلىق ۋە داشقاللىق كەنتىگە ئاپىرىپ، 7 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. يولداش ئۇبۇل قادىر «3كە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپى بويىچە، خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

**ئەركىن تۇرسۇن، ئابدۇراخمان مامۇت دىيار**

## چۆچەك شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى

چۆچەك شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، 2000 ـ يىلى 12 ـ ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى.

شەھەر باشلىقى ئادىلبەك كىچىك پېئىللىك بىلەن ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ھەم ۋەكىللەرنىڭ تارتىنماي پىكىر بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ۋەكىللەر ئوقۇغۇچى خىراجىتىنىڭ ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي يۆتكەپ ئىشلىتىلگەنلىكى، شەھىرىمىزدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئىشخانە، خىراجەت كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى ، ئورمان ئەمىيا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان يېتەرسىزلىك قاتارلىق 9 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرلەرگە شەھەر باشلىقى يۈز تۇرانە جاۋاب بەردى.

كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندا، شەھەر باشلىقى مۇنداق كۆرۈشۈشنى بىر يىلدا بىرنەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كۆرۈشۈشنىڭ ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. كۆرۈشۈشكە قاتناشقان ۋەكىللەرمۇ بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

**پەخىردىن**

## پاكلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

سۇ پاكىز بولسا، ھەر خىل مەينەت داغلارنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم پاك، دۇرۇس ۋە سەمىمىي بولسا، ئاندىن باشقىلارغا ئۈلگە بولالايدۇ.

پاك ـ دىيانەتلىك، ئالىيجاناب ئادەم خەلق بەرگەن ھوقۇقنى مەجبۇرىيەت دەپ قارايدۇ. چاكىنا كىشىلەر ھوقۇقنى ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتىدىغان كۆسەي دەپ قارايدۇ.

پاكلىق ھەرقانداق مەرتىۋىنى تېخىمۇ بېزەيدۇ.

**(ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان)**



# پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئىلگىرىلىگەن جەڭگىۋار قەدەم

## ــ ئاپتونوم رايون بويىچە «پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە» ــ يېڭىشەھەر ناھىيىسى توغرىسىدا



ئابدۇكېرىم ئۆمەر، ئابدۇھېلىمجان ئابدۇكېرىم

ــ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دۆلەت نۇقتىلىق يار ـ يۆلەك بولىدىغان نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناھىيە قىياپىتىنى گۈللەندۈرۈش، ناھىيە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزنىڭ «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش»، ئاپتونوم رايوننىڭ « پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش » ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇنى»نى ئاساس قىلىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېقىن مەزگىللىك ۋە يىراق كەلگۈسى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ ئارقىلىق ناھىيە ئىقتىسادى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن.

بۇ ناھىيە 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ «ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىشكە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ جيەن، ھاكىم ئەختەر سىيىت، پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ شۇنخەي، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى بياۋ قاتارلىقلارمۇ «پەن تېخنىكىغا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش تۆھپە مۇكاپاتى»غا نائىل بولغان بولسىمۇ، نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپلەر ئالدىدا مەغرۇرلانماي، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ناھىيە خەلقىنى دادىل يېتەكلەپ، يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى ـ يېڭى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى بىلەن ئۆتكەن يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك ‹تەڭرىتاغ لوڭقىسى› مۇكاپاتى»غا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «ئىقتىسادىي ھەمكارلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە»، پىلانلىق تۇغۇتنىكى «ئۈچنى ئاساس قىلىش پىلانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتكۈزگەن ناھىيە» دېگەن شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

يۇقىرىقىدەك نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ناھىيە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەن:

1. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىكى پەن ـ تېخنىكىدىن ئىبارەت بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئۆزلىرى بىۋاستە تۇتۇش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىمۇ بىرىنچى قول رەھبەرلىك، ئىدارە ـ ئورگان، زاۋۇت ـ كارخانىلاردىمۇ بىرىنچى قول رەھبەرلىكنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى تۇتۇشىنى تەلەپ قىلغان. يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۆزئارا

42

ماسلىشىپ ناھىيىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىغان. بۇنى ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، خەلقى ھاللانغان ناھىيە قۇرۇپ چىقىشنىڭ تەدبىرلىرى ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتقان.

2. پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتى بىر ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ بۇ ھەقتىكى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيىنىڭ ھەر خىل ئەۋزەل شارائىتلىرى ۋە پايدىسىز ئامىللىرىنى ئىگىلەپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، 1997 ـ يىلى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىرگە، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان كونكرېت رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»نى تەڭشەپ، تەرتىپكە سېلىپ ۋە تولۇقلاپ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «يېڭىشەھەر ناھىيىلىك (پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ چىققان. دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىپ، كونكرېت يېتەكچىلىكنى كۈچەيتكەن.

3. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇسلاشقان مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى قۇرۇپ چىقىپ، پەن ـ تېخنىكا مەسلىھەت مۇلازىمەتچىلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىكى بەزى قىيىن نۇقتا، مۇھىم نۇقتا مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلغان. «ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 15 يېزا ـ بازاردا پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى، 20 ئىدارە ئورگاندا پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل خادىم بېكىتىلگەن، ھەرقايسى كەنتلەردىمۇ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلار سەپلەنگەن. يېزا بازارلاردا پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى، كەنتلەردە پەن ـ تېخنىكا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، كونكرېت خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان. پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ناھىيە بويىچە پەن ـ تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش يېزا ـ بازاردىن 2 سى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتىكى ئۈلگىلىك يېزا ـ بازاردىن 7 سى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۈلگىلىك كەنتتىن 37 سى، پەن ـ تېخنىكا ئۈلگىلىك ئائىلىسىدىن 2392 سى بارلىققا كېلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۆزئارا ماسلاشقان پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت تورى شەكىللەنگەن.

4. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش نىشان مەسئۇلىيەت دائىرىسى ۋە باھالاش چارىسى» قاتارلىق 10 نەچچە تۈرلۈك سىياسەت ـ تەدبىرنى تۈزۈپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، «يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى»نى تۈزۈپ چىققان. بولۇپمۇ ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ناھىيە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش لايىھىسى» ۋە «ناھىيە (شەھەر)لىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدىكى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش چارىسى»غا ئاساسەن «يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يېزا ـ بازارلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى نىشانلىق تەكشۈرۈش چارىسى»، «يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش چارىسى» ۋە «يېڭىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ـ بازارلىق ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگان، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش چارىسى»نى ئىسلاھ قىلىپ، مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، 1998 ـ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە يىللىق تەكشۈرۈشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرغان.

بۇ ناھىيە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، قاتلاممۇ قاتلام، دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزا-

لاپ، كۆرسەتكۈچلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشتە ھەممە ئادەم تەڭ ھەرىكەت قىلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن.

5. بۇ ناھىيە 1998 ـ يىلى يىل بېشىدىلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە» بولۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى سۇنغان بولسىمۇ، پەن ـ تېخنىكا 3 خىل راسخوتتىن ئىبارەت بىر تۈر ئۆلچەمگە يەتمىگەنلىكتىن، ۋىلايەتلىك «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن بۇ ئىلتىماس بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىنغان. ناھىيە رەھبەرلىرى بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنى، ھاكىملار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا كۆپ قېتىم مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، مەخسۇس تېما ۋە كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقارغان. ناھىيە مەسئۇللىرى باش قوشۇش يىغىنىدا «ھەرقانچە نامرات بولساقمۇ، قىيىنچىلىقىمىز ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك سېلىنمىغا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېگەن قارارنى ماقۇللىغان. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مالىيە خام چوتىنى تەستىقلىغاندا، پەن ـ تېخنىكا 3 خىل راسخوت ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن پەن ـ تېخنىكا 3 خىل راسخوتى 1997 ـ يىلدىكى ناھىيە مالىيىسىنىڭ ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 0.053% نى ئىگىلەشتىن 0.53 % كە ئۆسۈپ 9 ھەسسە ئاشۇرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 200 مىڭ يۈەنلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلىنغان. ھەر بىر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش راسخوتىمۇ 0.3 يۈەنگە يەتكەن. 1999 ـ يىلدىن باشلاپ پەن ـ تېخنىكا 3 خىل راسخوتى 1 % گە، ناھىيە دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات فوندى 700 مىڭ يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىنغان.

6. يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ خىزمەت مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇشقا قويۇلغان تەلەپ بارغانسېرى كۈچەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈش» خىزمىتىدىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئورگان ئىسلاھاتىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى بىلەن پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى قۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تولۇقلاپ، رەھبەرلىك كۈچىنى ئاشۇرغان. خادىملارنى ئەسلىدىكى 5 دىن 9 غا كۆپەيتىپ بەرگەن. پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە، قاتناش قورالى، سىن ئالغۇ ئاپپاراتى، فوتو ئاپپاراتى، كومپيۇتېر بىلەن تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىپ، بىرقەدەر يۇقىرى ساپالىق پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكتىن، بۇ قوشۇن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەقىل كۆرسىتىش، مەسلىھەت بېرىش، ياردەمچىلىك قىلىشتەك رولىنى جارى قىلدۇرغان. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر يىلى ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن.

7. پەن ـ تېخنىكىنى ئىلغارلاشتۇرۇشتىكى ئىلغارلاردىن بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر ئاۋاز بىلەن ئىنكار قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، «لايىھە» گە ئاساسەن ناھىيە تەۋەسىدە ئىلغارلىقنى ئۆزى تەكشۈرۈپ باھا بېرىش، ئۆتكۈزۈپ ئېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتقان. «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» كۆپ قېتىم يىغىن چاقىرىپ، تۈرلەرنى دەلىللەپ، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايون چاقىرغان پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر)لەرنى باھالاش يىغىنىغا

قاتناشقان 7 ناھىيە ئىچىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ، «ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ۋە مۇكاپاتلاشقا ئېرىشكەن.

8. 1997 ـ يىلدىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پەن ـ تېخنىكا تۈرىدىن 40 نەچچىنى يولغا قويۇپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتقان. بولۇپمۇ يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا سەي ـ كۆكتات، باغ، ئورمان ۋە چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەزى تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇلگە كۆرسىتىش رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرغان.

9. يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنچى قارارلىق سايا قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق يولغا قويىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «قىشلىق پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش» كۇرسلىرىنى ئېچىش، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇتەخەسسىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە سۆزلىتىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىنى، خادىملىرىنى پەن ـ تېخنىكىدا تەرەققىي تاپقان رايونلارغا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ ئەمەلىي زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەربىيىلىگەن. ئىككى يىلدىن بۇيان، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەنگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى 1456 ئادەم قېتىمغا، تەربىيىلەش دائىرىسى 38.9% كە يەتكەن. يېزا (بازار)لىق، كەنت، مەھەللە دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۆز دائىرىسىدىكى پەن ـ تېخنىكا مەركەزلىرىدە، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى كەنت دەرىجىلىك تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا، پەن ـ تېخنىكىدا ئۇلگە كۆرسەتكۈچى كەسپىي ئائىلىلەرنى كەسپىي پەن ـ تېخنىكا بويىچە 820 قاراركۇرس ئېچىپ تەربىيىلەپ، تەربىيىلەش نىسبىتىنى 90 % كە يەتكۈزگەن. يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي تەربىيىلەنگەنلەر سانىنىڭ 85 % نى ئىگىلىگەن. كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ناھىيە بويىچە ئەلا سورتنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەككە يەتكەن. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىككى يىلدىن بۇيان 15 تۈرلۈك دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا كېڭەيتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئەتلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى، پاكار، قويۇق، چىلگە زىرائەت يېتىشتۈرۈش ئەندىزىسى، تونۇلۇق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىش تېخنىكىسى، بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداي تېرىش تېخنىكىسى، كېۋەز مايسىلىرىدىكى زىيانداش ھاشارەتنى بىئولوگىيىلىك ئۈنۈمىرسال تىزگىنلەش قاتارلىق يېڭى پەن ـ تېخنىكىلار زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلغان. لىنىنۇەن ئەرجىگجا، يۇقىرى دەرىجىلىك يوپۇرماق ئوغۇتى، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى، ئۇرۇقلۇقنى دورىلاش تېخنىكىسى، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش تېخنىكىسى قاتارلىق يېڭى پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98 % كە يەتكەن. بۇ ناھىيە 1997 ـ 1998 ـ يىللىرى ئېغىر دەرىجىدە يۈز بەرگەن كېۋەز مايسىلىرىدىكى ھاشارەتلەرنى ئۈنۈمىرسال تىزگىنلەشتىكى تېخنىكا جەھەتتىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، ئۇدا ئىككى يىل ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن. 1998 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەق مەيدان يىغىنىدا نۇقتىلىق تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىپ تەجرىبە تونۇشتۇرغان.

10. «ئىككى ناھىيە بىر شەھەر» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، 1998 ـ يىلى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈمىرسال ئېچىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلگە كۆرسىتىش ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ تۈر رايوننىڭ ئومۇمىي تې-

رىلغۇ يەر كۆلىمى 27000 مو، سالدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 8 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ يىل بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش ئورۇنلىنىپ بولغان (ئەسلى ئىككى يىل پىلانلانغان).

بۇ ناھىيە قەشقەر شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تۆمۈر يولنىڭ قاتناش باشلىغانلىقىدەك پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ناھىيە بويىچە 5 مىڭ 127 مو كۆكتات بازىسى قۇرۇپ چىقىپ، يىللىق مەھسۇلاتنى 60 مىڭ توننىغا يەتكۈزگەن. پەسىلسىز كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىش بىلەن بىرگە، باغ ئورمانچىلىقتا مۇناقى ئۈزۈم، ئانار، سەمەت ئۆرۈكى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ تېكىش بازا قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، «ئىككى ناھىيە بىر شەھەر» رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سالغان. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭى پەن ـ تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ۋە كېڭەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش بازا قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، نەسلى ياخشى، گۆشى سۈپەتلىك، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك تۈرلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئاممىۋىلاشتۇرۇش يېشىل سىلۇس، سېرىق سىلۇس، تىرىك باكتېرىيىلىك مىكروسىلۇس، توڭلىتىلغان ئۇرۇق بىلەن نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، زىرائەتلەرنىڭ شاخ ـ شۇمبىسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى % 95 كە، ئۇششاق چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتىنى %60 كە، چوڭ چارۋىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىسبىتىنى %95 كە يەتكۈزگەن. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قوتاندا ساقلانغان چارۋا سانى 620 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1997 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا % 8 ئاشقان. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسى 1998 ـ يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار ئورۇنلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن.

11. پەن تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان يېزا، كەنت قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ، ھەممە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزئارا ماسلاشقانلىقتىن، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 1998 ـ يىلدىن بۇيان «1821» قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرغانلىقتىن، بۇ ناھىيىنىڭ ياندۇرما يېزىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «1821» قۇرۇلۇشىدىكى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش بويىچە ئۈلگىلىك يېزا دېگەن شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋىلايەت دەرىجىلىك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىدىغان يېزىدىن 2 سى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىدىغان كەنتتىن 7 سى، ناھىيە دەرىجىلىك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدىغان كەنتتىن 21 سى بارلىققا كەلگەن. پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش دائىملاشتۇرۇلۇپ، كادىرلار ۋە دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش، كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، سورتلۇق ئۇرۇقلۇق ۋە يېڭى تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ئومۇملاشقان.

12. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئىچكى جەھەتتە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماس ھالدا ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، سىرتتىن تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈشنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتكەن.

1998 ـ يىلى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى بىلەن شەندۇڭ جۇنەن ناھىيىسىنىڭ يودا كەسپىي گورۇھى بىرلىشىپ 100 مىڭ تونىلىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە ماشىنىلاشقان تىك خۇمداندا 525 ـ نومۇرلۇق يۇقىرى ئۆلچەملىك سېمونت ئىشلەپچىقىرالمىسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان. بۇ تۈر كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكا باشقۇرۇش، ئىختىساسلىق خادىملار كەم بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇ ناھىيە 1999 ـ يىلى ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسىدە پۈتۈشۈش سوممىسى 237 مىليون يۈەن قىممىتىدە 14 تۈرلۈك ھەمكارلىق تۈرىنى ئىمزالاپ، چىڭداۋ خەنلەن ئېلېكتر سىم زاۋۇتى، شەندۇڭ داجى ترانسفورماتور زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شىيەن نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى فىرمىسى، خىكوۋاڭ ئاچچىق-

سۇ زاۋۇتى قاتارلىق 4 كارخانىنىڭ بۇ ناھىيىگە كېلىپ كارخانا قۇرۇشىنى، مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ناھىيە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان. «ئۈچقۇن پىلانى» تۈرىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىلىك ماي خېمىيە زاۋۇتىنىڭ 200 تىپلىق ياغ چىقىرىش سېخىدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خام ئەشيالارنى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش ۋە ياغ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كارخانىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، كارخانىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان. 1998 - يىلدىن بۇيان 16 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، گۈللەنگەن مەدەنىي شەھەر بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىدا ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرىنى قۇرۇپ چىققان. ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى قەدەم باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياخشىلىغان.

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تەجرىبە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارنى ئېچىشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «10 - بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈش خىزمىتى»نى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىككى ناھىيە بىر شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىكىر يولىنى زىچ چۆرىدەپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشنى نىشان، بازارنى يېتەكچى، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، نەتىجىسى، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ۋە باشقۇرۇش شەكلىنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، زامانىۋىلاشقان مەھسۇلات، كەسىپلەشكەن باشقۇرۇش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت، ئىلمىي باشقۇرۇشتىن ئىبارەت زامانىۋى يېزا - ئىگىلىك ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كۆزنىكىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنىڭ رولى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا قاراپ سىلجىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، پەن - تېخنىكىغا ۋە مائارىپقا تايىنىپ يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ مەزمۇت قەدەم تاشلىماقتا.

**(ئاپتورلار قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

**ھەرىكەت**

دوختۇر: «تېنىڭىزدىكى ئارتۇق ماينى چىقىرىپ تاشلاشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ھەرىكەت قىلىش - ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلىش.»

بىمار: «چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز دوختۇر. خانىمىم كۈنبويى تىنىم تاپماي سۆزلەيدۇ، ئەمما، ئۇ يەنىلا قوش ئىڭەك پېتى تۇرمامدۇ.»

**(ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى)**

# ئۇيغۇر ئالىم جيەن بوزەننىڭ ئۇۋاللىق دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى

جاڭ چۈەنئېر

**(بېشى ئالدىنقى ساندا)**

«مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ «خۇلاسە» ۋە «ماتېرىيال»نى ياساپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ فاكتېنى ۋە مەقسەتتە مەسىلە بار. ئۇلار جيەن بوزەننى ئۇۋاللىقتىن ئاقلاشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ 70 يىللىق ھايات تارىخىدىن چوڭ - كىچىك قۇسۇرلارنى، ئاتالمىش «جىنايەت»لەرنى تېپىشنى مەقسەت قىلغان ... ئۇلار ئاساسلانغان ئاتالمىش ماتېرىياللارنى نيې يۈەنزى، سۇن فېڭيى ۋە ۋاڭ ليەنلۇڭلار بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا قارا كۈچ رەھبەرلىك قىلغان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرغان. ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ، بۇزمىلاپ، رەزىل ۋاستە قوللىنىش جەھەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى تېپىلمايدۇ. جەمئىيەتتە چېن بودا، چى بېنيۈ ئېقىمىدىكىلەر ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، مۇشۇ قارا ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ، ئۆز قولىدىكى بەزى گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ، جيەن بوزەننى بىر مەزگىل ھەدەپ تەنقىد قىلدى ۋە پاش قىلدى. ئىسمىنى ئاتاپ ياكى ئاتىماي ئۇتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش «خانىنى قوغدىغۇچىلار»، ئىچىدە گومورو، فەن ۋېنلەن، جۇياڭ، خۇۋەيلۇ، لى شۇ، ليۇدانيەن قاتارلىق پارتىيە ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن ئىلغار يولداشلار، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ تارىخ ساھەسىدىكى بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق تارىخ خىزمەتچىلىرى بار، جۇڭگونىڭ تارىخ ساھەسىمۇ قارا يىپ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلالمىدى ...»

«جيەن بوزەننىڭ ئۇۋاللىقىنى تېزرەك ئاقلاش ئۈچۈن، بىز پارتكومىنىڭ جيەن بوزەننىڭ مەخسۇس دېلوسىنى ئىشلەشكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرىنىڭ جيەن بوزەنگە ئاتقان بارلىق جىنايەت ۋە قارا ماتېرىياللىرىنى شەرتسىز بىكار قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز. بۇرۇنقى مەخسۇس دېلو بېجىرىشكە قاتناشقان، جيەن بوزەنگە باشقىچە قاراشتا بولغان بەزى خادىملارمۇ جيەن بوزەننىڭ دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈشكە ئەمدى قاتناشتۇرۇلمىسا. پارتكوم جيەن بوزەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، يۈرەكلىك مەسئۇل بولىدىغان، سەگەك، دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە، ئاممىۋى لۇشيەندە ماڭىدىغان يولداشلارنى ئاجرىتىپ، يېڭى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرسا. ئۇزاقتىن بۇيان جيەن بوزەنگە رەھبەرلىك قىلغان، ئۇنى چۈشىنىدىغان پېشقەدەم ئىنقىلابىي يولداشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇلاردىن كۆپرەك ئەھۋال ئىگىلەپ، جيەن بوزەننىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باقسا.»

«سەككىز كىشىنىڭ خېتى»نى سۇنغاندىن كېيىن، بىز مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئادىم ئەۋەتىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىشىنى ئۈمىد قىلدۇق. بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ قىلچە سادا بولمىدى.

## جيەن بوزەننى ئاقلاش ئۈچۈن يۈزەكلىك ھالدا چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىش

جيەن بوزەننى ئاقلاش ئۈچۈن، مەن 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۈچ بۇرجەك نامغا «يولداش جيەن بوزەننىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى» دېگەن تېمىدا 6000 خەتلىك چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىدىم. ئۇنىڭدا جيەن بوزەننىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەركەز مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى ۋۇجۇڭ قاتارلىقلارنىڭ جيەن بوزەننى قىستاپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغانلىق ئەھۋالىمۇ ئاز ـ تولا ئاشكارىلانغانىدى.

چوڭ خەتلىك گېزىتتە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق يېزىلدى: «لىن بياۋ، چېن بودا، (تۆت كىشىلىك گۇرۇھ) ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قالدۇق زەھىرى تېخىچە مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە نيې يۈەنزى قاتارلىقلار ئىككى قېتىمدا قوراشتۇرۇپ چىققان جيەن بوزەننىڭ ئاتالمىش (مەخسۇس دېلو)سى تېخىچە سېسىق پۇراپ تۇرماقتا؛ ئەينى چاغدا جيەن بوزەنگە قىلىنغان بىلىگەنلەر ھازىر يەنىلا ئۆزى ئۈستىدە ئوبدان ئويلانماي، ئوبدان تەرلەنمەي تۇرۇۋاتىدۇ».

«بىز بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ۋە شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە ھەرىكەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرالايدىغانلىقىغا، لىن بياۋ، چېن بودا، (تۆت كىشىلىك گۇرۇھ) ۋە ۋۇجۇڭلار يولداش جيەن بوزەنگە 10 يىل ئۇۋال قىلغان دېلونى چوقۇم ئاقلايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتىنى قايتا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ماركسىزملىق تارىخچى ئالىم دېگەن نامىنى چوقۇم ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.»

چوڭ خەتلىك گېزىت چىققاندىن كېيىن ھەقىقەتەن قالتىس ئۈنۈم بەردى. ئەسلىدە تۇرغۇن سۇدەك جىمجىت مەكتەپ ئىچى بىردىنلا قىزىپ كەتتى. چوڭ خەتلىك گېزىت ئالدىدا تۇرغانلار بېشىنى لىڭشىتىپ قۇۋۋەتلەيتتى، ئۈچ بۇرجەك تام ئەتراپىدىكى يوللار ئادەمگە لىق تولغانىدى. ئۇلار جيەن بوزەننىڭ ئىنقىلابىي كەچۈرمىشلىرى ۋە بەختسىزلىكلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلانماقتى ۋە بىئارام بولاتتى.

چەت ئەلنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرى چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرگىلى كەلگەندە، بۇ ھال ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى جورجى بىئاننىڭ 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مۇنداق خەۋەر بەردى:

«بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتتە جۇڭگونىڭ تارىخ ئالىمى جيەن بوزەننىڭ 1968 ـ يىلىدىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆلۈمدىن ئۆتكەنلىك ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رەسمىي تەلەپ قىلىنغان.»

«ئۇزۇنلۇقى 16 بەت كېلىدىغان بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتە ئۇنىڭ ھاياتى ۋە كەچۈرمىشى، جۈملىدىن 1968 ـ يىلى جيەن بوزەننىڭ (جازاغا ئۇچراش) ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن.»

«بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت پايتەختتىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىرنەچچە مەشھۇر قىزىل قوغدىغۇچىلار قولغا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي چىقىرىلدى.»

«1968 ـ يىلىدىكى بىرنەچچە ئايدا، جيەن بوزەن ئۈستىدە 100 نەچچە قېتىم (كۈرەش يىغىنى) ئېچىلغان. چوڭ خەتلىك گېزىتتە 1968 ـ يىلى جيەن بوزەننى قىينىغان ئەھۋال تەسۋىرلىنىپ، 71 ياشلىق بۇ تارىخ ئالىمىنىڭ تاختايغا ياتقۇزۇلۇپ تاپىنىغا ئۇرۇلغانلىقى ، پاسكىنا ئەۋرەت قەغىزىنىڭ بەدىنىگە چاپلانغانلىقى بايان

قىلىنغان.»

«بۇ كۆرمش يىغىنلىرىدا پروفېسسور جيەن بوزەن بېلىنى ئېگىپ، ئىككى بىلىكىنى ئارقىسىغا تۈز كېرىپ، خۇددى ئايروپىلاننىڭ ئىككى قانىتىغا ئوخشاش قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان.»

«چوڭ خەتلىك گېزىتتە مۇنداق دېيىلگەن: پروفېسسور جيەن بوزەن ئادەتتە ئۆز ئۆيى ئەتراپىدىكى بىر كىچىك ھەم پاكار لەمپىگە قاماپ قويۇلاتتى. كىچىك باللار كۈن بويى توپلىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىراپ چىقاتتى، كەچتە ئايالى ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتەتتى.»

«چوڭ خەتلىك گېزىتتە مۇنداق دېيىلگەن: رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پروفېسسور جيەن بوزەنگە ئازار بەرمەي، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئېيتتى.»

«مۇشۇنداق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن، قەدىرلىنىشتىن قالغان سابىق دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچى (جيەن پروفېسسور ئۇنى بىلىدىكەن) مەسىلىسى تەكشۈرۈلدى، جيەن بوزەنمۇ سوراققا تارتىلدى.»

«چوڭ خەتلىك گېزىتتە، جيەن بوزەن سوراققا تارتىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى، دېيىلگەن.»

بۇ خەۋەر چوڭ خەتلىك گېزىتتىكى كۆز قاراشلار ۋە مەزمۇنلار بويىچە يېزىلمىغان، بەزى پاكىتلىرى توغرا قويۇلمىغان. مەسىلەن «پۇتىغا پالاق بىلەن ئۇرۇلغان» دېگەن سۆزلەرنى مۇخبىر ئۆزى قوشۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىپ جيەن بوزەننىڭ «نامىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش»نى تەلەپ قىلغانلىق ئەھۋالى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىندى.

يەنە بىر ئىش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. ئۇ بولسىمۇ مەكتەپ پارتكومىدىكى بىرقانچە ئاساسلىق رەھبەرلەردىن جۇلىن، گاۋ تيې، ۋېي مىڭ قاتارلىق يولداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ بۇرجەك تامغا بېرىپ چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆرۈپ، شۇ كۈنىلا ئەسلىدىكى «جيەن بوزەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى»نى تارقىتىۋېتىپ، قايتىدىن دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. يېڭى گۇرۇپپا شۇشجيەن (يېڭى گۇرۇپپىنىڭ مەسئۇلى)، جاڭ جىليەن (دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى، قوشۇمچە فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، سۇبەي، جاڭ چىڭخۋا، جاڭ چۈەنشېر قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

## پۇلنى تەڭ باشقۇرايلى

ئېرى بەتخەج بولغاچقا، ئائىلىنىڭ «مالىيە مىنىستىر»لىكىنى ئايالى قوشۇمچە ئۆتەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېرى بۇ ئىشتىن نارازى بولۇپ، «بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش» تەكلىپىنى قويۇپتۇ، ئايالى بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ.

ئېرى: «دېمەك سىز قوشۇلدىڭىز، ئۇنداقتا پۇللىرىمىزنى قانداق باشقۇرىمىز؟» دەپ سوراپتۇ تەقەززارلىق بىلەن.

ئايالى تەمكىن ھالدا: «بۇ ئاددىي ئىشقۇ، پۈتۈن پۇلنى مەن باشقۇرىمەن، پارچە پۇلنى سىز باشقۇرىسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئېرى ئۆز ـ ئۆزىگە: «پۇل ئاز بولسىمۇ، باشقۇرغىنىم باشقۇرمىغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ، بۇمۇ مېنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى، مەن بۇ نەتىجىنى ئوبدان قەدىرلىشىم كېرەك» دەپتۇ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ.

ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى

# يېمەك - ئىچمەكتە ئۆلمىلىككە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ سىناپ كۆرۈڭ

شياۋ شۇ

يېمەك - ئىچمەككە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەمسىز؟ ئەگەر ئېتىبار بەرسىڭىز، يېمەك - ئىچمىكىڭىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ - يوق؟ تۆۋەندىكى 15 سوئالغا جاۋاب بېرىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، يېمەك - ئىچمىكىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭ چوقۇم پايدىسى بار.

1. ئۈچ ۋاق تامىقىڭىز قانۇنىيەتلىكمۇ؟ ( )

A. ئاساسەن نورمال 3 نومۇر

B. بەزىدە بىر ۋاق تاماق يېمەي قالىمەن 2 نومۇر

C. ئاساسەن ئىككى ۋاق تاماق يەيمەن 1 نومۇر

2. يولدا دائىم بىر نەرسە يەپ ماڭامسىز؟ ( )

A. ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمايمەن 3 نومۇر

B. بەزىدە يەپ قالىمەن 2 نومۇر

C. دائىم شۇنداق قىلىمەن 1 نومۇر

3. ئاساسىي ئوزۇقلۇقلار، ئاساسىي كۆكتاتلار ۋە قوشۇمچە كۆكتاتلارنى تەڭشەپ يەمسىز؟ ( )

A. ئاساسەن تەڭشەپ يەيمەن 1 نومۇر

B. ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىدە تەڭشەپ يەيمەن 3 نومۇر

C. ئىككى ۋاق تاماقتا تەڭشەپ يەيمەن 2 نومۇر

4. تويغان ۋاقتىڭىزدا، يەنە ئازراق قوشۇپ بەرسە مەيلى دەپ شۇنىڭ بىلەن بەك تويۇپ كېتەمسىز؟ ( )

A. تاماقنى ئاساسەن بەك تويۇپ يەيمەن 1 نومۇر

B. يەنە ئازراق بولسىكەن دېگۈدەك يەيمەن 3 نومۇر

C. بەزىدە بەك كۆپ، بەزىدە بەك ئاز يەيمەن 2 نومۇر

5. يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىگە بەك دىققەت قىلامسىز؟ ( )

A. دىققەت قىلمايمەن 1 نومۇر

B. بەزىدە دىققەت قىلىمەن 2 نومۇر

C. ھەمىشە دىققەت قىلىمەن 3 نومۇر

6. نەرسىلەرنى بەك تېز يەمسىز؟ ( )

A. ياق، بەك ئاستا يەيمەن 3 نومۇر

B. ھەئە، بەك تېز يەيمەن 1 نومۇر

C. ئادەتتىكى ئادەملەردىن سەل تېز يەيمەن 2 نومۇر

7. تېز تەييار بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ياكى ئاشخانا قورۇملىرىنى دائىم يەپ تۇرامسىز؟ ( )

A. كۈندە دېگۈدەك يەپ تۇرىمەن 1 نومۇر

B. بەزى چاغلاردا يەپ قويىمەن 2 نومۇر

C. ئاساسەن يېمەيمەن 3 نومۇر

8. سۈت ياكى مېيى ئايرىۋېلىنغان سۈت پاراشوكلىرىنى كۈندە دېگۈدەك ئىستېمال قىلامسىز؟ ( )

A. كۈندە ئىستېمال قىلىمەن 3 نومۇر

B. ئىستېمال قىلمايمەن 1 نومۇر

C. ھەپتىدە 3، 4 قېتىم ئىستېمال قىلىمەن 2 نومۇر

9. بىر تەرەپتىن تېلېۋىزور كۆرۈپ ياكى كىتاب ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن بىر نەرسە يەيدىغان ئادىتىڭىز بارمۇ؟ ( )

A. بار 1 نومۇر

51

B .يوق 3 نومۇر

C .بەزىدە بار 2 نومۇر

10. ئاقسىل تەركىبى مول يېمەكلىكلەرنى كۆندە يەپ تۇرامسىز؟ ( )

A .بىر ۋاق تاماقتا يەيمەن ياكى ئاساسەن يېمەيمەن 1 نومۇر

B .كۈندە ئىككى ۋاق تاماقتا يەپ تۇرىمەن 2 نومۇر

C .ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يەپ تۇرىمەن 3 نومۇر

11. كەيپىڭىز ئۆرلەپ، چېچىلىپ قالغاندا تاماقنى كۆپ يەمسىز؟ ( )

A .كۆپ يەيمەن 2 نومۇر

B .ئاز يەيمەن 1 نومۇر

C .ئادەتتىكىدەك 3 نومۇر

12. ھەر ۋاق تاماقتا قورۇما يەپ تۇرامسىز؟ ( )

A .ھەئە، يەپ تۇرىمەن 3 نومۇر

B .ئاساسەن يېمەيمەن 1 نومۇر

C .ھەر كۈنى 1، 2 قېتىم يەپ تۇرىمەن 2 نومۇر

13. رەڭگى ئاچ كۆكتاتلارنى دائىم يەپ تۇرامسىز؟ ( )

A .ئاساسەن يېمەيمەن 1 نومۇر

B .ھەپتىدە 3، 4 قېتىم يەپ تۇرىمەن 2 نومۇر

C .كۈندە دېگۈدەك يەپ تۇرىمەن 3 نومۇر

14. سۇ يېغىدا قورۇلغان قورۇمىلارنى دائىم يەپ تۇرامسىز؟ ( )

A .ئاساسەن يېمەيمەن 1 نومۇر

B .كۈندە دېگۈدەك يەپ تۇرىمەن 3 نومۇر

C .ھەپتىدە 3، 4 قېتىم يەپ تۇرىمەن 2 نومۇر

15. تونۇغۇن يېگەن نەرسىلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ ( )

A .ياق، پەقەت ئەسلىيەلمەيمەن 1 نومۇر

B .ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن 3 نومۇر

C .بىر قىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن 2 نومۇر

45 ـ 36 نومۇر: يېمەك ـ ئىچمەكنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز ئىلمىي ئىكەن. ئېرىشكەن نومۇرىڭىزنىڭ يۇقىرىلىقى سىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەككە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىڭىزنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

35 ـ 26 نومۇر: يېمەك ـ ئىچمەكنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز نىسبەتەن ئىلمىي ئىكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئوخشاش، سىزنىڭمۇ يېمەك ـ ئىچمەكنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئادىتىڭىز قانۇنىيەتلىك ئىكەن، بىراق تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سىلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، قېنى قايسى جەھەتلەردە دىققەت قىلماي قالدىڭىزكىن، تۈزىتىۋېلىشىڭىزغا ياردىمى بولۇپ قالار.

25 ـ 15 نومۇر: يېمەك ـ ئىچمەكنى ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزنى ئىلمىي دېگىلى بولمايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىكەنسىز، ئوزۇقلىنىشىڭىزمۇ قانۇنىيەتسىز ئىكەن، بەزىدە يەنە كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىكەنسىز، ئېچىلىپ قالغان چاغلىرىڭىزدا بولۇشىغا يەيدىكەنسىز، چېچىلىپ قالغان چاغلىرىڭىزدا ھېچنېمە يېمەيدىكەنسىز. سىزنىڭ ھازىردىن باشلاپ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە دىققەت قىلىشىڭىزنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەڭشەپ ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە دىققەت قىلىشىڭىزنى، شۇنداقلا سوئالدىكى ئەڭ يۇقىرى نومۇرلار بويىچە ئوزۇقلىنىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**« ساقلىق ساقلاش » ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 5 ـ سانىدىن**

**ئەركىن ئالىم تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# بىدئەتچىلىك ۋە ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش

بىدئەتچىلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى زور بىر زىيانداش. توپلىشىپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىش ئۇلار دائىم قوللىنىپ كېلىۋاتقان، ئەسەبىيلىكتە ئۇچىغا چىققان تېررورلۇق ھەرىكەت.

1986 ـ يىلى ياپونىيىدىكى «ئوم ھەقىقىتى دىنى» نىڭ 7 ئەزاسى دېڭىز قىرغىقىدا بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن داھىيسى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىشقان.

1993 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى «داۋىد دىنى»نىڭ مۇرتلىرى ئوت قويۇپ قورۇلۇشلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەم توپلىشىپ ئۆزلىرىگە ئوت قويۇشقان. ئوت دېڭىزىدا 86 ئادەم ھالاك بولغان.

1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، ساقچىلار بىدئەت تەشكىلات ـــ «قۇياش ئىلاھى ئىبادەتخانىسى»نىڭ ئېپىسكوپى ژورى دىمونبلونى مۇرتلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالدى، دەپ تەكشۈرۈشكە باشلىغاندا، ئۇ بالا ـ قازا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇرتلىرىنى توپلىشىپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋېلىشقا كۈشكۈرتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىۋېتسارىيە، كانادا قاتارلىق جايلاردا 53 مۇرتنىڭ ئوت دېڭىزىدا جېنىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولغان.

2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئۇگاندادىكى «تەڭرىنىڭ ئون پەرھىزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى» بىدئەت تەشكىلاتىدىكى 530 دىن ئارتۇق مۇرت توپلىشىپ ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىشقان. بۇ بىدئەت تەشكىلات يەنە كىشىلەرنى دۇنيا يوقىلىشتىن بۇرۇن ئائىلە بىساتلىرىنى سېتىۋېتىشكە ھەمدە بۇنىڭدىن ئاپقان ناپاۋىتىنى ئاللاھنىڭ ۋەكىلى ـــ بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ ئاقساقلىغا بېرىۋېتىشكە كۈشكۈرتكەن؛ 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاتالمىش «بۈۋى مەريەمنىڭ روھى ئايان بولىدىغان» كۈن بولۇپ، بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ 530 دىن ئارتۇق مۇرتى بىر ـ بىرىگە بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇپ ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈۋېلىشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 78 ئۆسمۈر بار ئىدى.

«خەلق گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىل 31 ـ يانۋار سانىدىن

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم

پاكلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

ئادەم پاك بولسا، تۆھمەتتىن چۆچۈپ كەتمەيدۇ.

شەرمەندە ئۇزاق ئۆمۈردىن ھالال قىسقا ئۆمۈر ئەۋزەل.

ئۆمۈر بويى بەختلىك بولاي دېسەڭ، ھالال ئادەم بول.

(ئەھمەد تاشتۆمۈر تەييارلىغان)

# بىر يۈەن پۇل ئۈچۈن دەۋالىشىشقا ئەرزىمدۇ؟!

جۇشياۋمىڭ

بىر يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر دېلودىكى ۋەقە كىشىلەرنى ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى مەسىلىسى توغرىسىدا ئويغا سالدى. جەنۇبتىكى مەلۇم ئۆلكىنىڭ مەركىزىدىن كەلگەن بىر كىشى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ھەقنى ھەق سۆزلەش» پروگراممىسىدا ئۆزىنىڭ پايتەخت بىلەن ئۆلكە مەركىزى ئارىلىقىدا «ھەققانىيەت» ئىزدەش يولىدا قاتراپ يۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بېيجىڭغا ساياھەتكە كەلگەن بۇ ئوقۇتقۇچى مەلۇم بىر كىتابخانىدىن بىر پارچە كىتاب سېتىۋالغان، مېھمانسارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىتابنىڭ ۋارىقى كەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرۇپ، مەزكۇر كىتابخانىغا كەلگەن ھەم كىتابنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە بېرىش ـ كېلىشكە كەتكەن بىر يۈەن كىرا پۇلنى تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى ئېيتقان. كىتابخانا تەرەپ دەرھال كىتابنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر يۈەن كىرا پۇلنى تۆلەپ بېرىش تەلىپىگە پەرۋا قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۇززۇن دەۋا مۇساپىسىگە قەدەم قويغان ھەم شۇ سەۋەبتىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، قانۇن قورالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كۆز قارىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 5 ـ ماددىسىدا: «پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندا پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى بەلگىلەنگەن ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. ھالبۇكى، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ «بىر يۈەنلىك دەۋاسى» پروگراممىدا تېمىسى سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنغان چاغدا، ئايرىم كىشىلەر «دەۋا تەننەرخى» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ئەرزىمەس بىر يۈەن ئۈچۈن نەچچە مىڭ يۈەن سەرپ قىلىش ھەم خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك «يۇقىرى تەننەرخلىق» بۇ دەۋانى قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق بولغاندا، پۇقرالارنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان بۇنداق ھەق تەلەپ ھوقۇقى گەرچە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقتىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ، مۇشۇ دەۋانىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىدىن قارىغاندا، بىرقانچە مىڭ يۈەن پۇل بىلەن بىر كىشىلىك ئوبدان خىزمەت ئورنىدىن ئىبارەت تەننەرخنى ھېلىقى بىر يۈەن كىرا پۇلدىن ئىبارەت «پايدا»غا سېلىشتۇرغاندا، بۇ «ئوقەت» خۇددى چىقىمنى كۆتۈرەلمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

مېنىڭچە، پۇل ـ مالغا چېتىلىدىغان دەۋادا بارماق بىلەن ساناپ تۇرۇپ ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىشىڭمۇ بولمايدىغان يېرى يوق. ئەمما گەپ شۇ يەردىكى، بۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل مەنىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى «ھەققانىيەت» ئىزدەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش مەسىلىسى، قانۇن قورالى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قوغداش مەسىلىسىدۇر. قارىماققا «چىقىمنى كۆتۈرەلمەيدىغان» مۇشۇنداق دەۋانى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەنى-

سى ئىستېمال سامەسىدىكى قانۇن قائىدىلىرىگە خىلاپ بولغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى چۆچۈتۈپ قويۇش، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قانۇن قورالى ئارقىلىق ھەق تەلەپ سۇبيېكتىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇگۈنكى كۈندە شەخسلەر يۇقىرى «تەننەرخ» سەرپ قىلسا، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن جەزمەن پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتەك مۆلچەرلىگۈسىز ئىجتىمائىي «پايدا» ئېلىپ كېلىدۇ.

ئويلاپ كۆرەيلى، ئەگەر بىز خاتا ھالدا مەلۇم بىر دەۋادا دەماللىققا كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىۋاستە «پايدا»غا ئېرىشەلمەيدىكەنمىز دەپ قاراپ، تورلۇق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ھوقۇقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ۋاز كەچسەك، ئۇنداقتا پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ سەھنىدە قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ، قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ؟ قانۇنغا ئاساسلانمىغاندا، پۇقرالارنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتىن پەيدا بولغان ئاچچىق قىسمەتنىڭ دەردىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىز تارتىپ قالىمىز.

پۇقرالارنىڭ ۋە قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماي قوغداش ئېلىمىز قانۇنلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. ھەق تەلەپ ھوقۇقى ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ۋەھالەنكى، پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قوغداشمۇ نورمال تاۋار ئىگىلىكى تەرتىپىنى قوغداپ، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر.

پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قوغداش ئېلىمىز ھەق تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ تۈپ مەقسىتى ھەم تۈپ پرىنسىپىدۇر. ئېلىمىزنىڭ ھەق تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسىدە باراۋەر ئۇسۇل قوللىنىلىپ، تورلۇك ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرى بەھرىمەن بولىۋاتقان ھەق تەلەپ ھوقۇقى بىر تۇتاش قوغدالماقتا ھەمدە ھەق تەلەپ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئارقىلىق ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماي قوغدالماقتا، ئۇلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان مەنپەئىتى دەل ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەكتە. ئېلىمىزنىڭ ھەق تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسىدە يەنە ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىن كەلمە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالماسلىقى، قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىندى. ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقىغا توغرا قاراش، ھەق تەلەپ ھوقۇقىنى قوغداش ھازىرقى دەۋر جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي تەلىپىدۇر. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەق تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇقى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئىگە جەمئىيەتنىڭ سۇبيېكتى بولغان ئادەملەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇ زامانىمىز قانۇنى ئاتا قىلغان ئاساسىي ھوقۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بىر يۈرەن يول ئۈچۈن دەۋالىشىشقا ئەرزىيدۇ.

**«جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىلى 13 ـ سانىدىن**

**ئابدۇلئەھەت ھاجى** تەرجىمىسى

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# ياشانغانلار بەدەن چېنىقتۇرسا ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ

ساۋۇت ھېكىم

ياشانغانلارنىڭ مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇشى سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ھەر خىل كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياشانغانلار داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرسا ۋە مۇۋاپىق جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانسا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن پايدىسى بار:

1. نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلايدۇ. ئادەم ياشانغاندا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى تۆۋەنلەيدۇ، ئۇيقۇسى ناچارلىشىدۇ، ئاسان ئاغرىپ قالىدۇ، ئوڭاي چارچايدۇ. بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى چوڭ مېڭىنىڭ تورمۇزلاش ۋە تەڭشەش فۇنكسىيىسىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا، مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق چوڭ مېڭىنىڭ تورمۇزلاش ۋە تەڭشەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى، نېرۋا ھۈجەيلىرىنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرغىلى، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بالدۇر قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

2. يۈرەك ھەرىكىتىنى ياخشىلايدۇ. ياشانغاندا يۈرەك مۇسكۇلىنىڭ ئېنېرگىيىسى يېتىشمىگەنلىكتىن، يۈرەكنىڭ ئىقتىدارى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاجىزلىشىدۇ. نەتىجىدە ياشانغانلاردا ئاسان پەرىشان بولۇش، ھاياجانلىنىش، ھاسىراش ۋە ماغدۇرسىزلىنىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرغاندا يۈرەك مۇسكۇللىرى يېتەرلىك ئوكسىگېنغا ئېرىشەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۈرەكنىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ، قاننى سىقىپ چىقىرىش ئىقتىدارى ياخشىلىنىدۇ.

3. ئۆپكىگە پايدىلىق. ئادەم ياشانغاندا ئۆپكىنىڭ ھەرىكىتى ئاجىزلىشىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆپكىنىڭ ھەرىكىتىنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

4. ئاشقازان، ئۈچەي ھەرىكىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ياشانغاندا ئادەمنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي ھەرىكىتى ۋە ئىچكى ئاجرىتىپ چىقىرىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىدۇ. بۇ تاماقنى ۋاقتىدا ھەزىم قىلىشقا ۋە قوبۇل قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق قان ئايلىنىشنى تېزلەتكىلى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

5. ئادەم قېرىغانسېرى مۇسكۇل قورۇلۇپ، سۆڭەك شالاڭلىشىدۇ، ئاسانلا مۇسكۇل سوزۇلۇپ كېتىش، پەي چۆچۈش ياكى سۆڭەك سۇنۇش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇپ تۇرغاندا مۇسكۇللار چىڭ ۋە ساغلام بولىدۇ، سۆڭەكنىڭ قېرىشىنى كېچىكتۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما، ياشانغانلار بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

**(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق دورا تەكشۈرۈش ئورنىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

56

# خەلقئارا سوت مەھكىمىسى

تۇرغۇن تالىپ

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق ئەدلىيە ئورگىنى بولۇپ، 1946 ـ يىل فېۋرالدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ قائىدىسى»گە ئاساسەن، گوللاندىيىنىڭ غەربىي دېڭىز ياقىسىدىكى مەشھۇر شەھەر گاڭاگادا قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ «گاڭاگا خەلقئارا سوت كوللېگىيىسى» دەپ ئاتىلاتتى. گاڭاگا سوت كوللېگىيىسى 1921 ـ يىل سىنتەبىردە «خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى» ※ ۋە «خەلقئارا سوت كوللېگىيىسى قائىدىسى»گە ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، 1940 ـ يىلى يازدا گىتلېر ئارمىيىسى گاڭاگانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىتەرەپ دۆلەت شۋېتسارىيىدىكى خەلقئارالىق داڭلىق تارىخىي شەھەر جەنۋەگە كۆچۈرۈلگەن. «خەلقئارا ئىتتىپاق»نىڭ تارقىلىپ كېتىشى بىلەن، 1946 ـ يىل ئاپرېلدا تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلقئارا سوت مەھكىمىسى تىكلەنگەن.

«خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ قائىدىسى» — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بارلىق دۆلەتلەر خەلقئارا سوت مەھكىمىسى قائىدىسىنىڭ ھەقلىق قاتناشچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ب د ت غا ئەزا بولمىغان دۆلەتلەر خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ تەكلىپى ئارقىلىق ب د ت چوڭ يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، خەلقئارا سوت مەھكىمىسى قائىدىسىنىڭ قاتناشچىسى بولالايدۇ.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى 15 سودىيىدىن تەركىب تاپىدۇ. سودىيىلەر ب د ت چوڭ يىغىنى ۋە خەۋپسىزلىك كېڭەشىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاۋاز بېرىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر مەھكىمە باشلىقى ۋە بىر مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى سايلىنىدۇ. سودىيىلەر ھەرقانداق بىر دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بىر دۆلەت تەۋەلىكىدىن بىردىن ئارتۇق سودىيىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 9 يىل بولىدۇ، ھەر 3 يىلدا ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئالمىشىدۇ. داۋاملىق سايلانسا، داۋاملىق ئىشلەۋېرىدۇ.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئالاقىدار دۆلەتلەر سۇنغان بارلىق دېلولار ھەمدە «ب د ت نىزامنامىسى» ۋە ھازىر كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقان نىزامنامە، خەلقئارا ئەھدىنامىلەردە كۆرسىتىلگەن بارلىق ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋا ـ دەستۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ دائىملىق ئاپپاراتى گەرچە گاڭاگادا بولسىمۇ، لېكىن سوت ئىشلىرىنى قوبۇل قىلغان دېلونىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ باشقا جايلاردا بېجىرىشكىمۇ بولىدۇ.

---

※ «خەلقئارا ئىتتىپاق» — بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، 63 دۆلەتنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 1919 ـ يىل پارىژدا چاقىرىلغان خەلقئارا تىنچلىق يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1920 ـ يىلى يانۋاردا قۇرۇلغان ھەمدە شۇ يىغىندا «خەلقئارا ئىتتىپاق ئەھدىنامىسى» ماقۇللانغان. ئۇنىڭ ئاساسىي شۇئارى: خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، دۇنيا تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى

تۇرغۇن تالىپ

«خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى» كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچى ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن ئورگان. ئۇ 1923 ـ يىلى جەنۋەدە قۇرۇلغان. ھازىر باش شتابى فرانسىيىنىڭ پايتەختى پارىژدا، دۇنيادىكى زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى. 1984 ـ يىلى سىنتەبىردە دۆلىتىمىز بۇ تەشكىلاتنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

خەلقئارا جىنايى ئىشلار ساقچى تەشكىلاتى «ئومۇمىي يىغىن»، «ئىجرائىي كومىتېت»، «كاتىبات باشقارمىسى» ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى «دۆلەتلىك مەركىزىي ئىدارە»دىن تەركىب تاپقان.

ئاساسلىق ۋەزىپىسى: جىنايەتچىلەرنى خەلقئارالىق قوغلاپ تۇتۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش؛ ھەرقايسى ئەللەردىكى جىنايەت سادىر قىلىشقا ئائىت ئاخباراتلارنى توپلاش ۋە ئالماشتۇرۇش؛ ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرگە مەسلىھەت كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

رازۋېتكا ئوبيېكتلىرى: ئالتۇن، زەھەر ئەتكەسچىلىرى؛ چەت ئەل پۇللىرىنى ياسىغانلار؛ بىر دۆلەتتە جىنايەت سادىر قىلىپ، باشقا دۆلەتكە قېچىپ بېرىۋالغانلار.

خەلقئارالىق تۇتۇش بەلگىسى: ئەزا دۆلەتلەر خەلقئارالىق تۇتۇش ئۇقتۇرۇشنامىسىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرى قىسمىغا كۆك، يېشىل، سېرىق، قارا، قىزىل رەڭلىك بەلگىلەرنى چاپلايدۇ. ھەر خىل رەڭنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش ئەمەس.

(1) كۆك رەڭلىك بەلگە: بۇ بىراۋنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاشنى كۆرسىتىدۇ. سەۋەبى نامەلۇم ياكى بىرەر ئىشقا چېتىشلىق گۇمان بولۇپ، باشقا دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل بەلگىدىكى ھۆججەتلەرگە تەكشۈرۈش نەتىجىسى بېرىلىدۇ، ئادەم تۇتۇلمايدۇ.

(2) يېشىل رەڭلىك بەلگە: بۇ مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق جىنايەت گۇماندارلىرىغا پەخەس بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

(3) سېرىق رەڭلىك بەلگە: بۇ نامەلۇم سەۋەب بىلەن دېرەكسىز يوقالغانلار ياكى روھىي ھالىتى بىنورمال بولغانلارنى، خەتەر چىقىش ئېھتىمالى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(4) قارا رەڭلىك بەلگە: سالاھىيىتى ئېنىقسىز جەسەت ياكى سالاھىيىتى يالغاندىن ياسالغان جەسەتلەرنى ئېنىقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

(5) قىزىل رەڭلىك بەلگە: بۇنداق بەلگە بار ھۆججەتلەردىكى جىنايەتچىلەرنى دەرھال قولغا ئېلىپ، ئۆز دۆلىتىگە ياكى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# ئاۋستىرالىيىنىڭ باج ئىشلىرىدىكى قىزىقارلىق پاراڭلار

لى بېيلەن

ئاۋستىرالىيە پاراۋانلىق دۆلىتى، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا چىقىم قىلىشتا پۈتۈنلەي باجغا تايىنىدۇ. شۇڭا، بۇ دۆلەتتە باج ئېغىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باجدىن قېچىشقا بېرىلىدىغان جازا باسقۇنچىلىق، ئوغرىلىق قاتارلىق جىنايى ئىشلار جازاسىدىن ئېغىر. ئاۋستىرالىيىدە باج ئاساسەن شەخسىي كىرىم بېجى ۋە مال ـ مۈلۈك تاپاۋەت بېجىدىن كېلىدۇ. شەخسىي كىرىم بېجىنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: 5400 ئاۋستىرالىيە دوللىرى بولسا باج تاپشۇرمايدۇ. 5400 ئاۋستىرالىيە دوللىرىدىن 27 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىغىچە بولسا، %20، 27 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىدىن 35 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىغىچە، %30، 35 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىدىن 50 مىڭ ئاۋستىرالىيە دوللىرىغىچە، %43، 50 مىڭ دوللاردىن ئاشسا، %47 باج تاپشۇرىدۇ. باج تۈرلىرى بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئادەتتىككىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىرىم قانچە يۇقىرى بولغانسېرى تاپشۇرىدىغان باج شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، مال ـ مۈلكى قانچە كۆپ بولسا تاپشۇرىدىغان بېجى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. باج تۈزۈمگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاۋستىرالىيە يەنە «بايلار 3 ئەۋلادتىن ئېشىپ كەتمەسلىك»تەك ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. يەنى ئاتا ـ ئانا مال ـ مۈلكىنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرسا، مىراس قانچە كۆپ بولسا، باج نىسبىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. مال ـ مۈلۈك بىر ئەۋلاد نەۋرىگىچە مىراس قىلىپ قالدۇرۇلسا ھېچقانداق مال مۈلۈك قالمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر كارخانىچىنىڭ 1 مىليون دوللار مال ـ مۈلكى بولسا، بالىسىغا قالغان مال ـ مۈلكى %60 كە يەتمەيدۇ، نەۋرىسىگە كەلگەندە %30 كىمۇ يەتمەيدۇ، چەۋرىسىگە كەلگەندە ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك قالمايدۇ.

ئاۋستىرالىيىدە باج يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى بىرقەدەر مۇكەممەل. شۇڭا، بەزى چاغلاردا باج تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى كىرىمى ئالىدىغان ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلىدىن پەرقلەنمەيدۇ. قوشنام مېنىڭ بەستىلىك كەلگەن بويتاق يىگىت ئىدى، ئىشسىز قالغىنىغا 3 يىل بولغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگىز بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ، كۈنىنى ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزەتتى. بىنىر كۈنى ئۇنىڭدىن: «سىز نېمە ئۈچۈن فېدېراتسىيە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمەت باشقارمىسىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشمايسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «شەخسىي كىرىم بېجى يۇقىرى تۇرسا، ئىشلەشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ جاۋاب بەردى ھەمدە مۇنداق بىر ھېساباتنى قىلىپ بەردى: «ئىشسىزلار ئائىلىدە تۇرۇپ ھەپتىدە 200 ئاۋستىرالىيە دوللىرى تۇرمۇش پۇلى ئالىمىز، بۇ پۇل كۆپ بولمىسىمۇ، ئاساسىي تۇرمۇشىمىزغا يېتىدۇ. زاۋۇتتا جاپا تارتىپ ئىشلىسەم ھەپتىسىگە ئاران 300 ئاۋستىرالىيە دوللىرى بېرىدۇ. باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، يەنە ماشىنا راسخوتى، ئۆي ئىجارىسى، كۆكۈل ئېچىش قاتارلىقلارغا خەجلەيمەن. ئەمەلىيەتتە بۇ

59

ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلىدىن ئانچە كۆپ پەرقلىنىپ
كەتمەيدۇ. قورسىقىمىنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن،
يامىنى كەلگەندە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىۋېرىمەن
(ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى ئىجارە ھەققى تاپشۇرالمايدىغان
ئىشسىزلاردىن ئىجارە ھەققى ئالمايدۇ)، ۋاقتى كەلگەندە
كونا ئاپتوموبىل بازىرىدىن بىر ماشىنا سېتىۋالساملا بولى-
دۇ.»

مېكتەپ مۇشۇنداق ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈ-
زىدىغان، ئۆيىدە بىكار ئولتۇرۇپ پاراۋانلىق پۇلىدىن بەھ-
رىمەن بولۇشنى خالايدىغان، شەرەپلىك باج تاپشۇرۇشنى
خالىمايدىغان كىشىلەر يەنىلا ئاز ساندىكىلەر، كۆپ سان-
دىكى ئاۋستىرالىيىلىكلەر باجغا ئادەتتىن تاشقىرى ئەستا-
يىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار: «بىز باج تاپشۇرمىساق،
دۆلەت قانداق روناق تاپىدۇ؟»، «دۆلەتنىڭ چىقىمى بىلەن
ئۆزىنى بېقىش دېگەن مانا شۇ، باج تاپشۇرغان ئىكەنمىز،
دۆلەتنىڭ تۈرلۈك پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇ-
قىمىز بار»، «باج تاپشۇرمىساق، خەلق بېيىپ دۆلەت نام-
راتلىشىپ كەتمەمدۇ؟ دۆلەت نامرات بولسا، شەخسلەرنىڭ
بېيىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟» دېيىشىدۇ.
ئاۋستىرالىيىدە مەملىكەتلىك چوڭ سايلام ئېلىپ بېرىلغان
چاغدا، ئىككى پارتىيە باجنى كېمەيتىش ئارقىلىق سايلام
بېلىتىگە ئېرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن
سايلىغۇچى بۇ قىلتاققا چۈشمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر يەنە
گېزىتلەرگە ماقالە ئېلان قىلىپ، باج تاپشۇرۇشنى خالايمىز،
بولمىسا ئاۋستىرالىيە قانداقسىگە تەلەيلىك دۆلەت بولالايدۇ؟
ماكانسىزلار قانداقمۇ ھەقسىز ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، بىكار
تاماق يېيەلەيدۇ، دېيىشتى. شۇنداق، كىشىلەر باج تاپشۇ-
رۇشقا توغرا كەلگەندە ئىنتايىن ئاڭلىق. ئىنتايىن ئاز
ساندىكى كىشىلەر ئاغرىنىپ باج تاپشۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ
(دۆلەت بۇنداق قىلمىشنى قاتتىق جازالايدۇ). بۇ خىل باج
تاپشۇرۇش ئېڭى ھەرگىزمۇ بىر كۈندىلا شەكىللەنگەن
ئەمەس. ئېيتىلىشىچە، ئائىلە ۋە مەكتەپلەر بالىلارغا كى-
چىكىدىنلا باج بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىكەن
ھەمدە بۇنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرىدىكەن. ئۇلار چوڭ
بولغاندىن كېيىن، باج تاپشۇرۇشقا ماھىر كىشىلەردىن
بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىكەن. ئاۋستىرالىيىلىكلەرنىڭ ئۆي
سېتىۋېلىش، ماشىنا سېتىۋېلىشتا باج تاپشۇرۇشنى دې-
مەيلا قويايلى، ھەتتا بىر چىشلەم ھامبۇرگ بولكىسى سې-
تىۋالسىمۇ باج تاپشۇرىدىكەن.

ئاۋستىرالىيىنىڭ باج تۈزۈمىنىڭ قاتتىقلىقى ئۈستى-
دە توختالغاندا، «ئاۋستىرالىيىلىكلەر گېزىتى»گە مۇنداق
بىر قىزىقارلىق ئىش بېسىلدى: مەلۇم بىر كۈنى مەھەل-
لىدىكى باجگىرلار بىر مىليون دوللار مال ـ مۈلكى بار بىر
موماينىڭ ئۆيىگە باج ئالغىلى بارغاندا (بۇ موماينىڭ ھە-
رىكەت قىلىشى قولايسىز بولغاچقا، باجگىرلار ئائىلىسىگە
بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدىكەن)، ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغ-
قىنى يوق بۇ موماي: «باج تاپشۇرۇشقا قۇربىم يەتمەيدۇ.
ھۆكۈمەتنىڭ باجنى كېمەيتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلى-
مەن» دەيدۇ. باجگىرلار ئەجەبلەنگەن ھالدا : «سىزنىڭ
بىر مىليون دوللارلىق مال ـ مۈلكىڭىز تۇرسا، بۇنچىلىك
باجنى قانداقسىگە تاپشۇرالمايسىز؟» دەپ سورايدۇ. بۇ
موماي ئۆزىنىڭ كۆلىمى 10 نەچچە مو كېلىدىغان، دېڭىزغا
يانداش سېلىنغان، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆيىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا بۇ مېنىڭ بىر مىليون
يۈەنلىك مال ـ مۈلكۈم. ئۇنى يا يېگىلى بولمىسا، ياكى
كەيگىلى بولمىسا، يەنە تېخى پۇل خەجلەپ ئادەم تەكلىپ
قىلىپ قارىتىۋاتسام، ئىلگىرى يىغقان ئازراق پۇل بىلەن
كۈنۈمنى ئاران ئۆتكۈزۈۋاتسام، باجغا قايسى پۇلنى تاپشۇ-
رىمەن» دەيدۇ. بۇ موماي زادى باج تاپشۇرۇشى كېرەك-
مۇ ـ يوق دېگەن مەسىلە ئاۋستىرالىيە ئاخبارات ۋاستىلى-
رىدە بەس ـ مۇنازىرە قوزغىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر:
«باج قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پىكىردە
چىڭ تۇردى ھەمدە بۇ موماي بۇ ئۆيىنى سېتىۋېتىپ، ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئۆيىدە ياكى ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە تۇرۇشى
كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا باج تاپشۇرالايدۇ، غەم ـ ئەند-
دىشىدىن خالىي بولالايدۇ، دېيىشتى. بۇ موماي ئاخىرى

قانداق باج تاپشۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى، ئەمما ئۇ باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ جاۋابكارلىقتا تارتىلىپلا قالماستىن، يەنە بىر مىليون دوللارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 2000 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئاۋستىرالىيە باج ئورگانلىرى يوچۇقلارنى ئېتىش ئۈچۈن، باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغان بىر تۈركۈم داڭلىق ئەربابلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن. فېدېراتسىيە مۇستەقىل كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى كېسدون بۇنىڭ بىر مىسالى. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، بۇ كىشى بىر يىل ئىچىدە نەچچە 10 مىڭ قېتىم باجدىن قاچقان، ئەمما باج ئورگانلىرى توختىماي ئىز قوغلاپ قاتتىق زەربە بەرمەكچى بولغاندا، بۇ كېڭەش پالاتا ئەزاسى قورقۇپ كېتىپ، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىۋالغان. باج ئورگانلىرى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى ئاستىلاتقان بولسىمۇ، ئەمما تەكشۈرۈشنى توختىتىپ قويمىغان.

بۇ كېڭەش پالاتا ئەزاسى كېسدون بىلەن چەكلىنىپ قالارمۇ ؟ ئاۋستىرالىيىدىكى ئەڭ چوڭ باي پاكىر PBL (نەشرىيات يەتكۈزۈش چەكلىك شىركىتى)نىڭ لېدىرى بولۇپ ، تىجارەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ . ئاۋستىرالىيىدە كۆرۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان 9 ـ نومۇرلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، مېلبۇرندىكى خان تاجى قىمارخانىسى ، تارقىتىلىش مىقدارى كۆپ بولغان 《BULLETIN》 ژۇرنىلى ئۇنىڭ ئىلكىدە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئاۋستىرالىيىدىكى ئەڭ چوڭ گېزىت «سىدنېي سەھەر گېزىتى»نىڭ 20 % لىك پاي كونترول ھوقۇقىغا ئىگە، ئۇ يەنە باشقا بەزى مەبلەغ سېلىش كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، پاكىرنىڭ ئاۋستىرالىيە زۇڭلىسى خوۋارد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دۆلەت سىياسىتى تۈزگەندە خوۋارد ئۇنى تەكلىپ قىلىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ پاكىردەك مۇشۇنداق ھەممە جايغا قولى يېتىدىغان كاتتا بايمۇ باج ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە شىكايىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاۋستىرالىيە باج ئورگانلىرى پاكىرنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئاران نەچچە 100 دوللار باج تاپشۇرغانلىقىنى بايقىغان. ئەمما ئاۋستىرالىيىدە ئادەتتىكى بىر تارىلىق ئىشچىسىمۇ ھەر يىلى 5 مىڭ دوللار باج تاپشۇرىدىكەن. شۇڭا، باج ئورگانلىرى پاكىر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق قانۇن، باج مۇتەخەسسىسلىرىنى ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلغاچقا، ئۇ ۋاقتىنچە جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئەمما باج ئورگانلىرى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىغان ھەممە «بىز ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش ئىشىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز» دەپ داۋراڭ سالغان. بۇ پاكىرنىڭ ئىناۋىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىن پاكىر ئائىلىسىدىكىلەر تۈرلۈك چارىلەر بىلەن خەير ـ ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش ئارقىلىق ئوبرازىنى تىكلىمەكچى بولغان.

سىز چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن كۆچمەنلەردىن «سىزنىڭچە ئاۋستىرالىيە قايسى جەھەتتە ياخشى، قايسى جەھەتتە ئەڭ ناچار» دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار: «ئاۋستىرالىيىنىڭ مۇھىتى ئەڭ ياخشى، باج ئېغىر بولۇش ئەڭ ناچار تەرىپى» دەپ ئوخشاش جاۋاب بېرىدۇ. ئەڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئىشسىزلىق قۇتقۇزۇش پۇلى ئالىدىغانلار باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ، باج ئېغىر بولۇپ كەتتى دەپ قاقشايدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ باج تەربىيىسى، باج ئېڭىنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

**«پۇقرالار يېتەكچىسى»** ژۇرنىلىنىڭ **1999** ـ يىل **7** ـ سانىدىن

**مامۇت ئابلىز** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم

# ئەدەبىي مىراسلىرىمىزدىكى ئوقيا تەسۋىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيا مەدەنىيىتىگە نەزەر

ئابلاجان ئۇمىديار

ئوقيا ـــ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىشلىتىلىشى قولاي ۋە ئەڭ ئۈنۈمدارلىققا ئىگە ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قورالى بولۇپ، ئىنسانىيەتنى جاھالەت دەۋرىدىن مەدەنىيەت باسقۇچىغا ئېلىپ كىرگەن غايەت زور ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخىدىن قارىغاندا، جاھالەت دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ۋە مەدەنىيەت دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ئوقيانى كەشىپ قىلىشى بىلەن باشلانغان. ئىپتىدائىي قەۋملەر ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان دەسلەپكى ئاددىي تاش ئوقيالارنى ئىلگىرى پەقەت تۈرلۈك يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ياكى ئوۋ ئوۋلاپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئېھتىياجى بىلەن ئىشلەتكەن بولسا، كېيىنچە ئۇنى باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىمۇ كەڭ قوللانغان. چۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكى نوقۇل ئوۋچىلىقتىن ھالقىپ كۆپ خىللىققا يۈزلەندى. بازارلارنىڭ شەكىللىنىشى، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن جەمئىيەتتە تۈرلۈك ئىنسانلار توپى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈچەيدى. قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەللەرنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبلىك ئوقيادىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قورال تەدرىجىي ھالدا ئىنسانلارنىڭ ھايات ـ مامات، غالىبىيەت ـ مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ، غالىبلارنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم ئەڭگۈشتەرگە ئايلاندى. مۇشۇ خىل ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئوقيانىڭ ھەل قىلغۇچ رولى ۋە قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ئالاھىدە گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە خىسلەتلىك ئوبيېكت دەپ تونىغان. تەڭرىقۇتلار ياكى باتۇرلارنىڭ ئوۋ ياكى جەڭ پائالىيەتلىرىنىڭ غەلىبىلىك بولۇش ـ بولماسلىقىدىكى سىرنى ئوقيادىن ئىبارەت بۇ خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەرگە باغلىق، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئوقياغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنى سەنئەتتە ئىپادىلەش ئېڭى پەيدا بولغان.

ئىپتىدائىي مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمى «قەدىمكى ئىنسانلار ئوقيانى قۇياشنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئىجاد قىلغان» دەپ قارىشىدۇ. چۈنكى ئوۋچىلىق ھايات باسقۇچىدىكى ئىپتىدائىي خەلقلەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەپسانىلىرىدە قۇياش ئەڭ مۇقەددەس ۋە غالىب ئوۋچى سۈپىتىدە قارالغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستېتىك ئېڭى بويىچە ياساپ چىققان ئوقيانى قۇياشنىڭ يۇمۇلاق شەكلىگە ۋە ئوقيا باشاقلىرىنى قۇياشنىڭ تارام ـ تارام نۇر چېچىپ تۇرغان تىك ۋە شىددەتلىك ھالىتىگە ئوخشىتىپ چۈشەنگەن، ئوقيانى ئىلاھىي خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەر، دەپ قارىغان.

ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرى تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئوقيانىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى رولى ۋە قىممىتىنى يېتەرلىك ئىسپاتلىدى. شىنجاڭنىڭ ئالتاي، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى غار ـ ئۆڭكۈرلەرگە، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىكى قەدىمىي مىڭ ئۆيلەرگە، توقسۇندىكى پەنجىرە تاغقا سىزىلغان قىيا تاش رەسىملىرى ۋە تاش خەرىتىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوقيا تۇتۇپ تۇرغان ئادەم ياكى يا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىدىمۇ ئوقيا تەسۋىرى ئالاھىدە ئىستېتىك ئۇچۇر سۈپىتىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا باش قەھرىمان ئوغۇزخان بېلىگە ئوقيا ئاسقان، ئوۋدا ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلغان قەھرىمان باھادىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئېپوسنىڭ كېيىنكى قىسمىدىمۇ ئوغۇزخاننىڭ دانىشمەن ۋەزىرى ـــ ئۇلۇغ تۈرك چۈشىدە بىر دانە ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ تال كۈمۈش ئوقنى كۆرىدۇ. ئوغۇزخان ۋەزىرىنىڭ

چۈشىدىكى بۇ بىشارەتكە ئاساسەن ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۇۋغا
ئەۋەتىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان 3 ئوغلى
بىر دانە ئالتۇن يانى، كىچىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئو-
غۇللىرى بولسا 3 دانە كۈمۈش ئوقنى تېپىپ كېلىپ ئاتى-
سىغا تاپشۇرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدىن كۈتىد-
ىغان ئارزۇ ـ تىلىكى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسى ئامىتىمۇ ئوقيا
ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوغۇزخان ھەربىي
يۈرۈشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئۆز قوشۇنىدىكىلەرگە «ئې-
لىڭلار قولغا يا ۋە قالقان، بۆرە بولسۇن بىزگە ئۇران» دەپ
جاكارلايدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئوغۇزخان ئۆز ئوغۇللىرى
تېپىپ كەلگەن بىشارەتلىك يا ۋە ئوقلارنى پەرزەنتلىرىگە
مىراس قىلىپ بۆلۈپ بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى
ئوقياغا ئائىت بۇ خىل سىمۋوللۇق ۋەقە ـ تەپسىلاتلار قە-
دىمكى يۇناننىڭ «ئىلىئادا» ۋە «ئودىسسا» داستانلىرىدىكى
ئىلاھىي قەھرىمانلارنىڭ جەڭ قوراللىرى ياكى ھىندىلار-
نىڭ «ماخاب خاراتا» ئېپوسىدىكى باش قەھرىمان كاربو
بىلەن ئارژونالارنىڭ قۇياش ئىلاھى ھەدىيە قىلغان خاس-
يەتلىك قىلىچ ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشىپ،
باھادىرلىقىنى نامايان قىلغان ئالاھىدە ۋەقە ـ تەپسىلاتلارغا
ئوخشاش، يۈكسەك سىمۋوللۇق ئىجتىمائىي قىممەت ۋە
ئىستېتىك مەنىگە ئىگە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئوقيانى مۇ-
قەددەسلەشتۈرۈش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر فولكلور مىراسلىرى-
نىڭ بىرى بولغان «باتۇر تەگرىقۇت» رىۋايىتىدىمۇ مەر-
كەزلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ رىۋايەتتە ھۇن شاھزادىسى با-
تۇرنىڭ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىدىن بارىمتاي (كېپىللىك)تىن
قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىش ئۇ-
چۈن ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئاۋازلىق ئوقيانى ئىجاد
قىلغانلىقى، بۇ ئوقياغا تايىنىپ ھاكىمىيەت ئىگىلىگەنلى-
كى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، «باتۇر تەگرىقۇت رىۋايىتى»
دىكى ئوقيا ئوبرازى جەڭگىۋارلىق، ئامەت ۋە شان ـ زەپەر-
نىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئۇي-
غۇر» ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە توختالغاندا ئوقياغا مۇنا-
سىۋەتلىك بىر رىۋايەتنى مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدا ئىس-
كەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ كەلگەندە
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا تۆت مىڭ ئاتلىق ئوقياچى
قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يا ئوقنى ئال-
دىغا قانداق ئاتسا، ئارقىغىمۇ شۇنداق چەبدەس ئېتىپ نى-
شانغا تەگكۈزۈۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ ماھارىتىنى كۆرگەن
ئىسكەندەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قايىل بولۇپ، «بۇلار باتۇر ئەل
ئىكەن. ھېچقانداق ئوۋ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇ-
لالمىغۇدەك، ئۇلار ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدى-
كەن» دېگەن مەنىدىكى «ئىنان ئى خۇزخورەند» دېگەن
سۆزنى قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلار بىلەن بېتىم تۈزگەنلىكى،
«خۇزخور» سۆزىنىڭ كېيىن «ئۇيغۇر»غا ئۆزگەرگەنلىكى
بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىكى
جەڭگىۋار ھاياتى، ئىجتىمائىي غايە ـ ئېتىقادى، شان ـ
شەرەپ ۋە ئېستېتىك ئېڭى بىلەن ئورگانىك باغلىنىشقا
ئىگە بولغان ئوقيا مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇ خىل رىۋايەت-
لەرنى ۋە ئوقيا ھەققىدىكى بەدىئىي تەپسىلاتلارنى دۇنيادى-
كى باشقا مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە سېلىش-
تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى قاتلىمىغا ۋە چوڭقۇر
ئېتنىك مەنبەگە، يۈكسەك تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بو-
لۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇي-
غۇرلار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا
ئوقيانى ئىجاد قىلىپ قوللانغان. لوپنۇر رايونىدىكى كرو-
رەن قەدىمىي شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلاپ، ئۇ-
نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۆلبېشى قەدىمىي شەھىرى
(ستەيىن تەكشۈرۈپ ئۇنىڭغا L. K دەپ نومۇر سالغان)
خارابىلىقىدىن، قۇمۇل يەنتە قۇدۇق خارابە ئىزى قاتارلىق
جايلاردىن تاش ئوقيا ۋە تاش ئوق ئۇچلىرى بايقالغان. چا-
قىلىق ناھىيىسىگە تەۋە قەدىمكى كرورەن قەبرىستانلىقى-
دىن قېزىۋېلىنغان «كرورەن گۈزىلى»قەبرىسىدىن مېتال
ئوق ئۇچى بايقالغان بولۇپ، بۇ پاكىت بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوقياچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلى-
كىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئەڭ كەم دېگەندىمۇ
4000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ھالەتتىكى تاش
ۋە ياغاچ ئوقيا دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، مېتال ئوقيانى كەڭ
قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ھا-
ياتىي پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى «ئېرگىنە
قۇن» داستانىدا، قەدىمكى زاماندا ئالتاي ئېتەكلىرىدە يا-
شىغۇچى شەرقىي تۈرالارنىڭ تۇتېمىزم ۋە ئۇرۇقداشلىق

جەمئىيىتى مەزگىللىرىدىلا رودا ئېرىتىپ، تۆمۈرچىلىك
بىلەن شۇغۇللانغان هايات سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن.
بۇنىڭدىكى مېتالچىلىقتا ئاتىت پاكىتلار بىزگە ئۇيغۇرلار-
نىڭ مېتال ئوقيا ياساش جەھەتتىكى ئىجادىيىتىنى مەلۇم
ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوقيانىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ تەدرىجىي يېگى-
لىنىپ بېرىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئوقـ
نىڭ ئىختىرا قىلىنىشىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىمـ
لىق مۆجىزە ئىدى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ هايات ۋە ئىجـ
تىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىداـ
رىنى باشقا هەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش قورالىغا سېلىشـ
تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ هايات مۇساپىسىدە
ئوقيادىن كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلانغان قەدىمكى ئەجدادـ
لىرىمىز ئارىسىدا ئوقيادىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە خىسلەتلىك
قورالنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى هاياتىي كۈچىنىڭ، غالىبىيەتنىڭ
سىمۋولى، ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ۋاسىتىسى دەپ تونۇش ئاـ
دىتى شەكىللەنگەن، بۇ خىل ئوقيا مۇقەددەسلىكى چۈـ
شەنچىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرى،
سەنئەت خەزىنىسى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە هاكىمىيەت چۈشەنـ
چىلىرىدە ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئوقياچىلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى
رولىنى يەنە باشقا تەرەپلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «باتۇر
تەگرىقۇت رىۋايىتى»دىكى ئاۋازلىق ئوقيا ھەققىدىكى بەـ
دىئىي تەپسىلاتلارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق يەكۈن چىقىراـ
لايمىزكى، ئوق يادىن ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن تەڭلا بىر
خىل جىددىي سادا (هاۋا دولقۇنىدىن هاسىل بولغان ئاۋاز)
هاسىل بولىدۇ. مۇشۇ خىل ئاۋاز سىگنالىنى قەدىمكى ئەجـ
دادلىرىمىز ئۆز ئوقيالىرىنىڭ خاسىيىتى ۋە ئىقتىدارىدىن
پەخىرلىنىپ، ئوقيانى ئۆزلىرىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى
ئىپادىلىگۈچى ئەڭگۈشتەر، ھەقىقىي گۈزەللىك خىسلىتىگە
ئىگە ئوبيېكت دەپ قارىغان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەلـ
لىك تۇيغۇسىغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان، شۇنىڭ بىلەن
قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىنچىكە نەرسىلەرنىڭ تەۋرىنىش دولـ
قۇنىدىن تەبىئىي يېقىملىق ئاۋاز چىقىدىغانلىقىدەك تەـ
بىئىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن ئىپتىدائىي تارلىق چالغۇ
ئەسۋابلار (ساز)نى ئىجاد قىلىپ چىققان. ئىختىراشۇناسـ
لىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، ھەرقانداق بىر
كەشپىيات كۆپىنچە تۇرمۇشتىكى بىرەر تاسادىپىي هادىـ
سىنىڭ ئىلهامىدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس
قورالى بولغان ئوقيانىڭ ئىلهامىدىن مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ
بارلىققا كېلىشى ۋە كۆپ خىل شەكىللىك تەرەققىياتى
كېيىنكى مەزگىللەردە خەلقىمىزنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىـ
نىڭ تەرەققىياتىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. دۇنيادىكى
باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تارلىق مۇزىكا ئەسۋابـ
لىرىنىڭ تۈر، شەكىللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئەنئەنىۋى
مۇزىكا، مۇقاملىرىنىڭ مول ۋە رەڭدار بولۇشى، خەلقىمىزـ
نىڭ شوخ، سەنئەتخۇمارلىقى ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزىگە خاس
مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئەمگەكچان، ئىجادكار ئەجدادلىرىـ
مىزنىڭ قەدىمكى ئوقيا مەدەنىيىتى خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق
تارىختىن بۇيانقى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش كۆرەشلىرىـ
نىڭ هەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۇلارنىڭ
هاياتى، مەنىۋى ئېتىقادى، فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىـ
يات ـ سەنئەت مىراسلىرىدا تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇللاردا
ئىپادىلىنىپ كەلدى. مۇشۇ خىل تارىخىي ئىزچىللىقتا ۋە
ئالاھىدە مىللىي خاسلىقتا ئىگە تېمىنى تەتقىق قىلىش،
ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىش—
نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئىنسانشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ تارىخىي
بۇرچى ۋە تەتقىقات يۆزلىنىشى بولۇپ قالغۇسى!


**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

(1) «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل ئۇيـ
غۇرچە نەشرى

(2) «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر» ئا .
راخمان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى

(3)«شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇششاق تاش قورال خاراـ
بىلىرى» ئى . ئابدۇرۇسۇل، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارـ
لىقلىرى»، 1995 ـ يىل 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە

(4) «پەن تارىخى» جياۋمېگزى، مىللەتلەر نەشرىياتى،
1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى



**(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)**


مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى

# شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى ــ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش

چى چۇڭچاڭ، نەيىم ياسىن

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى 20 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنى ئېچىۋېتىشتىكى ئاساسلىق كۆزنەككە، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ شىنجاڭنى چۈشىنىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە تۈگۈنگە ئايلاندى.

سلاياھەتچىلىكتە زور تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى

1978 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىلدا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەردىن جەمئىي 1 مىليون 919 مىڭ 600 ئادەم ـ قېتىم كۈتۈۋېلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %47.4 ئېشىپ باردى، جەمئىي 531 مىليون 560 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %45.4 تىن ئېشىپ باردى. خەلقئارادا ساياھەت ئىشلىرىنىڭ گۈلچاقنادەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ساياھەتچىلىك شىنجاڭدا سودىدىن سىرت تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان ئاساسلىق مەنبەگە ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزدە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى، 1998 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەردىن 6 مىليون 150 مىڭ ئادەم ـ قېتىم كۈتۈۋېلىنىپ، 5 مىليارد 500 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ 8 دۆلەت بىلەن چېگرالىنىش، 15 ئېچىۋېتىلگەن پورت بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، «چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىشنى ئاساس، چېگرا بويلاپ ئېچىۋېتىشنى ئارقا تىرەك قىلىش» ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېننى تۈزۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئالدىنقى سېپىنى شەكىللەندۈرۈپ، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1992 ـ يىلدىن 1998 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالىدىغانلار 530 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا يەتتى، بىۋاستە يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغاندىن باشقا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان ماللارنىڭ چېگرىدىن چىقىش سوممىسى يىلىغا 1 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.



ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسى پارتكوم شۇجىسى چى چۇڭچاڭ دۆلەت ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې گۇاڭۋېي ھەمراھ بولۇپ خەلقئارا ساياھەت يەرمەنكىسىنىڭ شىنجاڭ يەرمەنكە ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

## ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەسلىھەلىرى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى

20 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ساياھەت يول ئەسلىھەلىرىگە 49 تۈر بويىچە جەمئىي 165 مىليون 400 مىڭ يۈەن سېلىنما سالدى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەر سالغان سېلىنمىنى ۋە چەت ئەل مەبلىغى، شەخسلەر سالغان مەبلەغنى قوشقاندا، جەمئىي مىليارد 427 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. نۆۋەتتە شىنجاڭدا 11 مېھمانساراي چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلدى، يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايدىن 73 ى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە ھاۋا تەڭشىگۈچ سەپلەنگەن ساياھەت ماشىنىسى 700 دىن ئېشىپ، تورسىمان كۈتۈۋېلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. قاناس كۆلى، باغراش كۆلى قاتارلىق ساياھەت رايون (نۇقتا) لىرىنىڭ كۈتۈۋېلىش ئەسلىھەلىرى تېز ياخشىلاندى. بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ ياخشىلىنىشى ساياھەتچىلىكنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە ياتاق قىس بولۇش ۋەزىيىتىنى پەسەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

## ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ تەمىنلىنىشى مول بولدى، نامى يىراق ـ يېقىنغا تارالدى

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىدە ئۈرۈمچى ۋە باشقا نۇقتىلىق شەھەرلەرنى پۈتۈن شىنجاڭغا تۇتاشتۇرۇش، ساياھەت نۇقتا، لىنىيىلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشتەك تورسىمان ساياھەت تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1999 ـ يىلى كورلا شەھىرى بىلەن تۇرپان شەھىرى جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئاساسلىق ئېچىلىدىغان نۇقتىلىق ساياھەت تۈرلىرى ۋە ساياھەت لىنىيىلىرىدىن: يىپەك يولى ساياھىتى، قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيە ساياھىتى، تاغقا چىقىش ساياھىتى، ئوتلاق مەنزىرىسى ساياھىتى، قەدىمىي شەھەر خارابىسى ساياھىتى، ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەت ساياھىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىش ساياھىتى، ماشىنا، موتسىكلېت، ۋېلسىپىت ساياھىتى، شىكار ساياھىتى قاتارلىقلار بار. شىنجاڭ شەنشى، گەنسۇ ئۆلكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئويۇشتۇرغان «يىپەك يولى ساياھىتى» ئېلىمىزدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 14 ساياھەت لىنىيىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. خىلمۇ خىل ساياھەت تۈرلىرى ھەر يىلى زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.




ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نەيىم ياسىننىڭ ھەمراھلىقىدا خەلقئارا ساياھەت يەرمەنكىسىنىڭ شىنجاڭ يەرمەنكە ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

# شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى


كومپيۇتېر مەركىزى


ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى پاختا تەجرىبە ئېتىزىنى تەكشۈرمەكتە

## ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۈك يېزىسى

ئەرگۈك يېزىسى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدا. يېزىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39.4Km² ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 12500 مو كېلىدۇ، ئومۇمىي ئاھالىسى 15655 كىشى بولۇپ، خۇيزۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق 9 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. يەنە تەخمىنەن 20 مىڭ كۆچمە نوپۇس بار. قارمىقىدا كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن 5 ى، كەنت دەرىجىلىك كارخانا گورۇھىدىن 2 سى، كەنت ئاھالىلەر گورۇپپىسىدىن 24 ى، پارتىيە باش ياچېيكىسىدىن 2 سى، پارتىيە ياچېيكىسىدىن 23 ى بار.

1. رەھبەرلىك باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشقا، تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

2. ھەممە تەڭ ھەمكارلىشىپ مائارىپنى چىڭ تۇتۇپ ساپانى ئۆستۈردى.

3. كەنت ئاھالىلىرى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇپ، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈردى.

4. قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ




تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى.

نۆۋەتتە، يېزىدا ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇندىن 8 ى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن 23 ى، ئامانلىق ساقلاش بويىچە ھەمۇنچى ئائىلىدىن 1082 سى بار، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە 4 يىللىق مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئاممىسىنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ئېڭى ۋە قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۆستى.

(ماقالىنى ۋە سۈرەتنى ئەرگۈك يېزىسى تەمىنلىگەن)

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى 1989 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان. 1996 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپىنى باھالاشتا 49 مۇنەۋۋەر مەكتەپنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

ھازىر مەكتەپتە 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار سىنىپى، ئىشتىن سىرت ئوقۇيدىغانلار سىنىپى ۋە سىرتتىن ئوقۇتۇش سىنىپى، شۇنىڭدەك سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى، تەربىيىلەش ئورنى قاتارلىقلار بار... نۇقتىسىدىن 9 ى تەسىس قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش باشقۇرۇش ئاپپاراتى مۇكەممەل، قوشۇنى سەرخىل، ھازىر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسىدىن 29 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنتتىن 5 ى، لېكتوردىن 9 ى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 15 ى بار. بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۆپ خىل شەكىلدە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇش تارىخى مائارىپى، غەيرىي ئوقۇش تارىخى مائارىپى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان ئېلىش ۋە ئاسپىرانتلار دەرسلىكىدىن بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى تەسىس قىلدى. ئالتاي چارۋىچىلىق مەكتىپىدە، قەشقەر يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە، خوتەن يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدە، ئىلى دېھقانچىلىق مەكتىپىدە سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى تەسىس قىلدى. قەشقەردە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا مەكتىپىدە سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى تەسىس قىلدى.

(ماقالىنى ۋە سۈرەتنى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى تەمىنلىگەن)




1996 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 ـ 1166/D باھاسى: 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433